6 ـ قىسىم

# ئاساسى ئېتىقات

**ئىسلام دىنى**

● مۇسۇلمانلار مۇنداق دەپ قارايدۇ، ئەلمىساقتىن تارتىپ ھازىرغىچە بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ تەرغىپ قىلىۋاتقىنى بىر دىندۇر، يەنى ئىبراھىم پەيغەمبەرنىڭ ئېتىقاتىدۇر.

● ئىسلام دىنىدا ئادەم تەبىئىتىگە ئائىت خاتىرىلەر

○ ئادەملەر توغرا دىنغا ئىنتىلىدۇ، بۇ ئادەملەرنىڭ تەبىئىتىدۇر. ئەمما كۆپىنچە ئادەم بۇنى بىلمەيدۇ. (قۇرئان 30:30)

○ ئادەملەر ئاجىز ۋە چىدامسىز يارىتىلغان. (قۇرئان 4:28 ، 70:19)

○ ئادەملەر ئاللاغا بويسۇنۇشتىن باش تارتىدۇ. (قۇرئان 96:6)

○ ئادەملەر نەپسىگە بېرىلىپ يامان ئىشلارنى قىلىدۇ. (قۇرئان 12:53)

○ ئاللا قۇتقۇزغان ئاز ساندىكى بىر قىسىم ئادەملەردىن باشقا، كۆپىنچە ئادەملەر رەزىل ئىشلارنى قىلىپ گۇناھ ئۆتكۈزىدۇ. ھەققانى بولمىغان ئادەملەر ئەيشى-ئىشرەتلىك تۇرمۇشنى قوغلىشىدۇ. (قۇرئان 11:116)

○ كۆپىنچە ئادەملەر دىنغا ئىشەنمەيدۇ. (قۇرئان 12:103، 13:1)

○ گۇناھ - دىنغا ئىشەنمىگەن ۋە ئاللانى ئىنكار قىلغانلىقنىڭ ئالامىتىدۇر. (قۇرئان 2:39 ، 3:86،91 )؛ ئادەملەر ئۆزىنى چوڭ تۇتۇپ ھەددىدىن ئاشىدۇ. (قۇرئان 25:21)؛ ئاللاغا ۋە مۇھەممەتكە قارشى چىقىدۇ. (قۇرئان 72:23)

○ ئاللانىڭ ھۆكۈمى بولمىسا، ھەرقانداق ئادەم دىنغا ئىشىنەلمەيدۇ. ئۇ ئەقىلسىزلارنى جازالايدۇ. (قۇرئان 10:38)

○ ئادەملەر ناپاك، ۋاپاغا جاپا قىلىدىغان ۋە ئەقىلسىزدۇر. (قۇرئان 14:34، 33:72، 80:17 ، 100:6 )؛ كۆپىنچە ئادەملەر ئاللادىن كەلگەن شەپقەتكە شۈكۈر قىلمايدۇ. (2:243) ئاللانىڭ قانۇنىغا خىلاپلىق قىلغانلار ناپاكلاردۇر. (2:229)

○ ھەممە ئادەم زىيان ئىچىدە تۇرىدۇ. (قۇرئان 103:2)

○ ئەگەر ئاللا ئىنسانلارنىڭ قىلغان يامانلىقلىرى ئۈچۈن ئۇلارنى جازالىغان بولسا، يەر يۈزىدە بىرمۇ ئادەم قالماستى. (قۇرئان 16:61)

○ بۇرۇنقى دەۋرلەردە پەيغەمبەرلەر كىشىلەرگە روشەن بىشارەتلەرنى بەرگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار يەنىلا ناھەق ئىشلارنى قىلىپ، دىنغا ئىشەنمىگەنلىكى ئۈچۈن، ئاللا ئۇلارنى ھالاك قىلغان. (قۇرئان 10:12،13 ، 17:16،17 ،

(19:98

بۇ ئايەتلەر ئادەملەرنىڭ گۇناھكار تەبىئىتىنى ئاشكارلاپ، ئاللاغا بويسۇنمايدىغانلىقىنى ئىپادىلىگەن.

- ئىسلامنىڭ گۇناھقا ئائىت تەلىملىرى

○ ئىسلام دىنى ئەسلىي گۇناھنى ئىنكار قىلىدۇ، ئەمما بۇ يوقۇرقى ئايەتلەر بىلەن ماس كەلمەيدۇ.

○ ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانا گۇناھ ئۆتكۈزگەندىن كىيىن، ئاللا ئۇلارنى جەننەتتىن قوغلاپ چىقىرىپ يەر يۈزىگە چۈشۈرۈەتكەن. (قۇرئان 2:36 ، 7:24،27 ، 20:123)

○ ئاللاغا شېرىك كەلتۈرۈش ئەڭ چوڭ گۇناھ ھىساپلىنىدۇ. (قۇرئان 4:48)؛ كۆپ ئىلاھقا ئېتىقات قىلىش ئىمانسىزلىقتۇر.

○ ئاللا تۆۋەندىكى ئادەملەر ۋە گۇناھلارنى كەچۈرمەيدۇ:

■ ئاللاغا شېرىك كەلتۈرۈش گۇناھى (قۇرئان 4:116)

■ دىنغا ئىشىنىپ كىيىن يېنىۋالغۇچىلار (قۇرئان 4:137)

■ دىنغا ئىشەنمىگەن ۋە ناھەق ئىشلارنى قىلغانلار (4:168)

■ ئۆزىمۇ ئىشەنمەي يەنە باشقىلارنىڭ ئىشىنىشىگىمۇ توسقۇنلۇق قىلغانلار، ھەمدە تاكى ئۆلگۈچە ئىشەنمىگەنلەر. (قۇرئان 47:34)

■ ئاللاغا ۋە مۇھەممەتكە ئىشەنمىگەنلەر (قۇرئان 9:80)

○ كىم گۇناھ ئۆتكۈزسە، جازاسىنى ئۆزى تارتىدۇ. (قۇرئان 4:111)

○ كىم ھەق يولدا ماڭسا، پايدىسىنى ئۆزى كۆرىدۇ. كىم خاتا يولغا ماڭسا زىيىنىنى ئۆزى تارتىدۇ. (قۇرئان 10:108)

○ كىم گۇناھ ئۆتكۈزسە، جاۋابىنى ئۆزى بېرىدۇ، باشقىلارنىڭ گۇناھىغا جاۋاپكار بولمايدۇ. (قۇرئان 6:164)

(بۇ گۇناھنى ۋاكالىتەن يۈيۈشقا بولمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ)

- ئىسلام دىنىنىڭ شەيتان (ئىبلىس) توغرىسىدىكى خاتىرىلىرى

○ ئىبلىس ئادەم ئاتىنىڭ ئەۋلادلىرىنى ئازدۇرۇپ يىلتىزىدىن قۇرۇتىۋېتىدۇ، ئەمما ئاز ساندىكىلىرى بۇنىڭ سىرتىدا. (قۇرئان 17:61،62)

○ ئىبلىس ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانىنى ئازدۇرۇپ جەننەتتىن چىقارغاندەك، ئۇلارنىڭ ئەۋلاتلىرىنىمۇ شۇنداق سىنايدۇ. ئىبلىس ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلىرى ئادەملەرنى كۆرەلەيدۇ، ئەمما ئادەملەر ئۇلارنى كۆرەلمەيدۇ. ئاللا ئىبلىسنى ئىمانسىزلارغا ئىتتىپاقداش قىلغان. (قۇرئان 7:27)

○ ئىبلىس ھەر تەرەپتىن ئادەمگە ھوجۇم قىلىدۇ. (قۇرئان 7:16،17)

○ ئىبلىس ئادەملەرنى گۇناھ بىلەن ئازدۇرۇپ، ئۇلارنى چۈشكەنلەشتۈرىدۇ. (قۇرئان 15:39،40)

● قۇرئاندا مەسىھ ئېتىقاتچىلىرىنىڭ جەننەتكە كىرىش ياكى كىرەلمەسلىكى توغرىسىدا زىددىيەتلىك خاتىرىلەر مەۋجۇد.

○ مەسىھىيلەر جەننەتكە كىرەلەيدۇ.

■ ئاللا ئەيسا مەسىھكە ئېتىقات قىلغانلارنى تاكى قىيامەت كۈنىگىچە ئۇنىڭغا ئېتىقات قىلمىغانلاردىن ئۈستۈن قىلىدۇ. (قۇرئان 3:55)

■ مۇسۇلمانلار، يەھۇدىلار، مەسىھىيلەر، سابىيلار(يۇلتۇزغا چوقۇنغۇچىلار) ئىچىدە ئاللاغا ۋە قىيامەتكە ئىشىنىدىغانلار ھەم ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار كەلگۈسىدە ئاللانىڭ قېشىدا ئۆز ئەجرىدىن بەھرىمەن بولىدۇ. (قۇرئان 2:62 ، 5:66،69 )

○ مەسىھىيلەر جەننەتكە كىرەلمەيدۇ.

■ كىمكى ئىسلام دىنىدىن باشقا دىننى تىلەيدىكەن، ئۇلارنىڭ دىنى ھەرگىز قۇبۇل قىلىنمايدۇ، ئۇلار ئاخىرەتتە زىيان تارتقۇچىلاردۇر. (قۇرئان 3:85)

● ئىسلام دىنىدا ئادەمنىڭ جەننەتكە كىرىش كىرەلمەسلىكى تۆۋەندىكى ئامىللارغا باغلىق بولىدۇ.

○ ئاللانىڭ خاھىشىغا باغلىق بولىدۇ.

■ ئاللا كىمنى غەپلەتتە قالدۇرغۇسى كەلسە، شۇنى غەپلەتتە قالدۇرىدۇ. كىمنى ھەق يولدا ماڭدۇرماقچى بولسا، شۇنى ھەق يولدا ماڭدۇرىدۇ. (قۇرئان 6:35،39 ، 7:155 ، 13:27 ، 14:4 ، 16:93 ، 35:8 ، 74:31)

■ ئاللا كىمنى جازالىغۇسى كەلسە شۇنى جازالايدۇ. كىمگە رەھىم قىلغۇسى كەلسە شۇنىڭغا رەھىم قىلىدۇ. (قۇرئان 2:284 ، 3:129 ، 5:1, 18, 40, 118 ، 48:14)

■ ئاللا كىمنى توغرا يولدا يېتەكلەشنى خالىسا شۇنى توغرا يولدا يېتەكلەيدۇ. كىمنى ئازدۇرغۇسى كەلسە شۇنى ئازدۇرىدۇ. (قۇرئان 7:178)

■ ئاللا ئۆزى خالىغان ئادەملەرگە مېھىر-شەپقەت قىلىدۇ، ناپاكلار ئۈچۈن جازانى تەييارلايدۇ. (قۇرئان 76:31)

○ ئادەملەرنىڭ مۇھەممەتكە بويسۇنغان ياكى بويسۇنمىغانلىقىغا باغلىق بولىدۇ.

■ ئاللا مۇھەممەتكە بويسۇنغان ئادەملەرنى ياخشى كۆرىدۇ، ئۇلارنىڭ گۇناھىنى كەچۈرىدۇ. (قۇرئان 3:31)

○ ئادەملەرنىڭ گۇناھىغا تۆۋە قىلغان قىلمىغانلىقىغا باغلىق بولىدۇ.

■ يامان ئىشلارنى قىلغانلار گۇناھىغا تۆۋە قىلىپ ياخشى ئىشلارنى قىلسا ھەم توغرا يولدا ماڭسا، ئاللا ئۇلارنىڭ گۇناھىنى كەچۈرىدۇ، جەننەتكە كىرىدۇ. (قۇرئان 5:39 ، 19:60 ، 20:82)

■ مۇسۇلمانلار ئاللادىن گۇناھىنى تىلىسە، ئاللا ئۇلارنى كەچۈرۈۋېتىشى مۇمكىن. (قۇرئان 66:8)

○ ئادەملەرنىڭ گۇناھىنىڭ بەدىلىنى تۆلىگەن ياكى تۆلىمىگەنلىكىگە باغلىق بولىدۇ.

■ ئاللا گۇناھلارنى مەغپىرەت قىلالايدۇ. (قۇرئان 195 ،3:194)

■ روزا تۇتۇش، ئۇشرە-زاكات بېرىش ۋە قۇربانلىق قىلىش ئارقىلىق گۇناھقا بەدەل تۆلىگىلى بولىدۇ. (قۇرئان 2:196)

■ يوشۇرۇن ھالدا نامراتلارغا سەدىقە قىلىش ئارقىلىق بىر قىسىم گۇناھلارنى يۇغىلى بولىدۇ. (قۇرئان 2:271)

■ ئىلگىرى يامان ئىشلارنى قىلغانلار گۇناھىغا تۆۋە قىلىپ، مۇھەممەتكە زاكات تۆلىسە، مۇھەممەت ئۇلار ئۈچۈن دۇئا قىلىپ، ئۇلارنى پاكلايدۇ، ئاللا ئۇلارنىڭ گۇناھىنى كەچۈرىدۇ. (قۇرئان 104 ،9:102)

■ قىلغان قەسىمگە خىلاپلىق قىلغانلارنىڭ گۇناھىنى يۇيۇش ئۈچۈن، ئۆز ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ئوتتۇرھال تامقىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ، ئون نامراتنى بىر ۋاق غىزالاندۇرۇش، ياكى ئۇلارغا بىر قۇر كىيىم بېرىش، ياكى بىر قۇلنى ئازات قىلىش. ئەگەر بۇلارنى قىلىشقا قۇربى يەتمىسە، ئۈچ كۈن روزا تۇتۇش كېرەك. (قۇرئان 5:89)

■ كۈندۈزنىڭ ئىككى تەرىپىدە يەنى ئەتىگەن ۋە كەچقۇرۇندا ناماز

ئۆتكەنلەرنىڭ قىلغان ياخشى ئەمەللىرى ئارقىلىق يامان ئىشلىرى يۇيۇلىدۇ. (قۇرئان 11:114)

○ ئادەملەرنىڭ ئېتىقاتى ۋە ئەمىلىيىتىگە باغلىق بولىدۇ.

■ ئاللاغا ۋە مۇھەممەتكە ئىشەنگەنلەر (قۇرئان 7:158)، ئۇنىڭغا ۋە ئۇنىڭ قىلغان ۋەھىلىرىگە بويسۇنغانلار (قۇرئان 29:54،55)، قۇرئانغا ۋە ئۇنىڭدىن بۇرۇن نازىل بولۇنغان مۇقەددەس كىتاپلارغا (تەۋرات، ئىنجىلغا) ئىشەنگەنلەر، ھەمدە پەرىشتە ۋە قىيامەتكە ئىشەنگەنلەر (قۇرئان 4:136)

■ قۇرئاننى ئوقۇپ قىرائەت قىلغان، بەش ۋاق نامازنى ئادا قىلغان ھەم ئۇشرە-زاكاتنى ئايرىغانلار. (قۇرئان 13:22 ، 35:29)

■ ھەج قىلغانلار. (قۇرئان 2:158)

■ ئاللاغا بويسۇنغانلار (مۇسۇلمانلار)، راستچىللار، سەۋر قىلغانلار، ئۆزىنى تۆۋەن تۇتقانلار، سەدىقە بەرگەنلەر، روزا تۇتقانلار، ئېپپىتىنى ساقلىغانلار، ئاللانى ياد ئەتكەنلەر. (قۇرئان 33:35)

■ ھەر بىر ئادەم ئۆزىنىڭ قىلغان ئەمىلىيىتىگە ئاساسەن مۇكاپات ياكى جازاغا تارتىلىدۇ. (قۇرئان 39:70)

■ ئاللا ئادەملەرنىڭ قىلمىش-ئەتمىشلىرىنى ئۇلارنىڭ بوينىغا ئارتىدۇ ۋە دەپتەرگە خاتىرلەيدۇ. قىيامەت كۈنى ھەر بىر ئادەم قىلغان ئىشلىرى ئۈچۈن جاۋاپ بېرىدۇ. (قۇرئان 17:13،14)

● ئىسلامغا ئېتىقات قىلغان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار مۇنداق بولىدۇ:

○ ئۇلار جەننەتكە كىرىدۇ. (قۇرئان 2:25،82 ، 4:57،122،124 ، 11:23 ، 14:23 ، 18:107 ، 22:14،23،56 ، 29:58 ، 30:15 ، 31:8 ، 32:19 ، 42:22 ، 47:12 ، 98:7،8 )

○ ئۇلار ئاللانىڭ يېنىدا مۇكاپاتلىنىدۇ. (قۇرئان 2:277 ، 3:57 ، 4:173 ، 5:9 ، 17:9 ، 18:2،30 ، 35:7 ، 41:8 ، 49:29 ، 84:25 ، 95:6)

○ ئاللا ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى كەچۈرۈم قىلىدۇ. (قۇرئان 5:9 ، 11:11 ، 22:50 ، 29:7 ، 33:35 ، 34:4 ، 35:7 ، 48:29)

○ ئۇلارنىڭ ئاخىرقى بارار جايى بەختكە تولغان گۈزەل بىر ماكاندۇر. (قۇرئان 13:29)

○ ئۇلار يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنغا ئېرىشىدۇ. (قۇرئان 20:75)

○ ئاللا ئۇلارنىڭ ساۋاپلىق ئىشلىرىنى خاتىرلەيدۇ. (قۇرئان 21:94)

○ ئاللا ئۇلارنى ياخشىلارنىڭ قاتارىغا قويىدۇ. (قۇرئان 29:9)

○ ئاللا ئۆز شەپقىتى بىلەن ئۇلارغا ئىلتىپات كۆرسىتىدۇ. (قۇرئان 30:45)

○ ئاللا ئۇلارنىڭ دۇئالىرىنى ئاڭلاپ شەپقەت قىلىدۇ. (قۇرئان 42:26)

○ ئۇلار ئاللانىڭ مېھىر-شەپقىتى ئىچىدە بولىدۇ. (قۇرئان 45:30)

○ ئۇلار يارىتىلغان مەۋجۇداتلار ئىچىدىكى ئەڭ ياخشىلىرىدۇر. (قۇرئان 98:7)

○ ئاللا ئۇلارنى ئۆزئارا مېھىر-مۇھەببەتلىك قىلىدۇ. (قۇرئان 19:96)

○ ئۇلار زىياندىن ۋە ئۆز رىزقىنىڭ ئازىيىپ كېتىشىدىن قورقمايدۇ. (قۇرئان 20:112)

○ ئۇلار مول تەمىناتتىن بەھرىمەن بولىدۇ. (قۇرئان 22:50 ، 65:11)

○ ئۇلار ئاللانىڭ يېنىدا ئۆزلىرى ئارزۇ قىلغان نەرسىلەردىن بەھرىمەن بولالايدۇ. (قۇرئان 42:22)

● ئىسلامدا ياخشى ئىشلارنى قىلىش ئارقىلىق يامان ئىشلارنى يۇغىلى بولىدۇ دەپ قارايدۇ. (قۇرئان 11:114)

● ئەگەر ئاللا خالىسا، ھەممە ئادەم توغرا دىنغا كىرىدۇ. (قۇرئان 10:99) ئەگەر ئاللا بۇيرۇمىسا، ھېچكىم ھەق دىنغا ئېتىقات قىلمايدۇ. (قۇرئان 10:100) ئاللا تەرىپىدىن ئالدىن ھۆكۈم قىلىۋېتىلگەنلەر ھەرگىز ئىمان ئېيتمايدۇ. (قۇرئان 10:96) ئاللا مۇسۇلمانلارنى ئىسلامنى سۆيىدىغان قىلىدۇ، ھەمدە ئۇلارنىڭ قەلبىنى تۈزەيدۇ. (قۇرئان 49:7) ئاللا ئىلگىرىمۇ ھەق دىننى بەزى خەلقلەرنىڭ قەلبىگە پۈتكەن. (قۇرئان 58:22)

● ھەق دىننى ئىنكار قىلغانلارنىڭ قىلغان ياخشى ئەمەللىرىمۇ ئىناۋەتسىزدۇر. (قۇرئان 5:5 ، 7:147) ئاللا ھەق دىنغا كىرمىگەن ۋە ئۇنىڭغا توسقۇنلۇق قىلغانلارنى كەچۈرمەيدۇ. (قۇرئان 47:34)

● ئاللا جەننەت بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ ھاياتى ۋە مال-مۈلكىنى تېگىشىدۇ. (قۇرئان 9:111)

● گۇناھىغا تۆۋە قىلىپ ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار غەلىبە قىلىشى مۇمكىن. (قۇرئان 28:67)

● ياخشى ئەمەللارنى قىلغان مۇسۇلمانلار مۇنداق بولىدۇ:

○ ئۇلار ئاللاغا ۋاكالىتەن زېمىننى ئىدارە قىلىدۇ. (قۇرئان 24:55)

○ ئۇلار ھۆرمەتكە سازاۋەر بولىدۇ. (قۇرئان 63:8)

● قۇرئاندا ئادەملەرنىڭ قانداق قىلىپ جەننەتكە كىرەلىشى توغرىسىدا زىددىيەت مەۋجۇد. ئاللا مۇسۇلمانلارنى چوقۇم قۇتقۇزىدىغانلىقى توغرىسىدا ۋەدە بەرمىگەن. مۇسۇلمانلار ئىسلامغا چىن قەلبىدىن ئىشەنگەن، پۈتۈن كۈچى بىلەن ئىسلام شەرىئەتلىرىگە ئەمەل قىلغان تەغدىردىمۇ، بىراق بۇ دۇنيادىن ئايرىلىشتىن بۇرۇن ئۆزلىرىنىڭ چوقۇم جەننەتكە كىرەلەيدىغانلىقى توغرىسىدا تولۇق ئىشەنچ ۋە دەلىلگە ئىگە ئەمەس. پەقەت جىھات ئۇرۇشىدا ياكى ھەج سەپىرىدە ئۆلگەندىلا ئاندىن جەننەتكە چوقۇم كىرەلەيدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. مۇسۇلمانلار قىيامەتتىكى سوراقتا ئۆزلىرىنى قانداق ئاقىۋەتنىڭ كۈتۈپ تۇرغانلىقىنى بىلمەيدۇ، چۈنكى بۇ پۈتۈنلەي ئاللانىڭ خاھىشى بويىچە بولىدۇ. ئاللا ئۆزىنىڭ خاھىشى بويىچە كەچۈرىدۇ ياكى جازالايدۇ، ئۇ ھېچقانداق بىر شەرتلىك كېلىشىم ئارقىلىق ئۆزىنى چەكلىمىگەن. شۇڭا ئەگەر مۇسۇلمانلاردىن گۇناھلىرىڭىز كەچۈرۈلدىمۇ دەپ سورالسا، ئۇلار پەقەت «ئەگەر ئاللا خالىسا» دەپلا جاۋاپ بېرەلەيدۇ. مۇسۇلمانلارنىڭ نۇرغۇن داڭلىق كىشىلىرى (مەسىلەن خەلىپە ئابابەكرى ۋە ئۆمەر قاتارلىقلار) ئۆلۈشتىن بۇرۇن تەشۋىش ۋە ئەنسىزلىككە تولغان.

● مۇسۇلمانلاردا «قايتىدىن تۇغۇلۇش» كەچۈرمىشى بولمايدۇ. ئىسلام دىنى ئۆز مۇرتلىرىنىڭ پۈتۈن ھاياتىنى كونترول قىلىدىغان، ئۇلارنىڭ دىنى ھېسسىيات ۋە ئىش-ھەركىتىنى قېلىپلاشتۇرىدىغان بىر خىل دىن بولۇپ، ۋاھالەنكى شەخسنىڭ ساپا ۋە خاراكتىرىدە ماھىيەتلىك يېڭىلىنىش بولمايدۇ. مۇسۇلمانلار ئاللاغا بويسۇنغاندىن كېيىنمۇ، ئادەتتە يەنىلا بۇرۇنقىدەك كېتىۋېرىدۇ.

● سوپىزىم مەزھىپى چوڭقۇر تەپەككۇر قىلىشنى ۋە روھى چېنىقىش ئارقىلىق ئىلاھقا يېقىنلىشىنى ھەمدە ئۇنىڭ يېتەكلىشىگە ئېرىشىشنى ئالاھىدە مۇھىم كۆرىدۇ، قىيامەتتىكى سوراق ۋە جازادىن قورقىدۇ، ئادەمنىڭ گۇناھكار تەبىئىتىگە سەزگۈرلەرەك كېلىدۇ. ئۇلار مەشىق قىلىش ۋە ئۆزىنى چەكلەش ئارقىلىق ئىلاھنى خۇرسەن قىلغىلى بولىدۇ دەپ قارايدۇ. ئىلاھنى مۇھەببەتنىڭ بىرخىل سىرلىق ئوبيېكتى قىلىدۇ، بەزىدە مۇزىكا ۋە ئۇسۇل ئارقىلىق ئۇنىڭ بىلەن بىرلەشمەكچى بولىدۇ. ئۇلار قۇرئاندىكى مۇنۇ ئايەتلەرنى تەكىتلەيدۇ:

○ ئاللا ئادەملەرنىڭ قان تومۇرىدىنمۇ بەكرەك ئۇلارغا يېقىندۇر. (قۇرئان 50:16)

○ ئاللا ئاسمان-زېمىننىڭ نۇرىدۇر، ئۇ ئۆزى خالىغان ئادەملەرنى يورۇقلۇققا يېتەكلەيدۇ، ئۇ ھەممىگە قادىردۇر. (قۇرئان 24:35)

○ مۇسۇلمانلار دىنغا ئاسىيلىق قىلسا، ئاللا باشقا قەۋملەر بىلەن ئۇلارنىڭ ئورنىنى

باسىدۇ. ئاللا ئۇ خەلقنى سۆيىدۇ، ئۇلارمۇ ئاللانى سۆيىدۇ. ئۇلار مۇسۇلمانلارنى كەمتەرلىك بىلەن ھۆرمەتلەيدۇ. باشقا دىندىكىلەرگە قاتتىق قول بولىدۇ. ئۇلار ھەق دىن ئۈچۈن كۆرەش قىلىدۇ، ھېچكىمنىڭ ئەيىپلىشىدىن قورقمايدۇ. (قۇرئان 5:54)

○ ئۇلار كۈلپەتكە ئۇچرىغاندا، بىز ئاللاغا مەنسۇپ، بىز پەقەت ئۇنىڭغىلا بەيئەت قىلىمىز دەيدۇ. (قۇرئان 2:156)

● يامان روھلاردىن ساقلىنىشقا ئېتىۋار بېرىش ئىسلام دىنىنىڭ خەلق ئېچىدىكى بىر خىل ئىپادىسىدۇر.

## ئىنسان تەبىئىتى توغرىسىدا

● مۇسۇلمانلار ئويلىشقا تېگىشلىك مۇھىم بىر مەسىلە: ئەگەر سىز تۇغۇلۇشتىنلا گۇناھسىز تەبىئەتتە بولسىڭىز، ياكى ھەج قىلىپ قايتقاندىن كېيىن ئۆزىڭىزنى خۇددى يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقتەك پاكلاندىم دەپ قارىسىڭىز، ئۇنداقتا سىز گۇناھ ئۆتكۈزمەي قانچىلىك ئۇزۇن ۋاقىت تۇرالايسىز؟ ئادەم ئەسكىلىشىپ كېتىشكە ئالاھىدە كۆچەشنىڭ ھاجىتى يوق، ئەمما ياخشى ئادەم بولۇش ئۈچۈن چوقۇم تىرىشىشقا توغرا كېلىدۇ. ئۇنداقتا نېمە ئۈچۈن ئىنساننىڭ خاراكتېرى ئادەمنى تەبىئىيلا يامانلىق-رەزىللىككە يەنى گۇناھقا يۈزلەندۈرىدۇ؟ (مەسىلەن شەخسىيەتچىلىك، ھەسەتخورلۇق، ئۆچمەنلىك، شەھۋانى ھەۋەس، بۇزۇقچىلىق قاتارلىقلار)

● مۇسۇلمانلار گۇناھنى توغرا يولدىن چەتنەپ كېتىش دەپ چۈشىنىدۇ، ھەمدە گۇناھكار ئادەم پەقەت ساۋاپلىق ياخشى ئىشلارنى قىلىپ ئۆزىنىڭ گۇناھلىرىنى يۇسا، خاتا يولدىن قايتىپ توغرا يولغا كىرسىلا بولىدۇ دەپ قارايدۇ.

● ئىنجىلدا، گۇناھ بارلىق ئىنسانلارنى خۇدادىن ئايرىۋەتكەن (چۈنكى بىرمۇ گۇناھسىز پاك ئادەم يوقتۇر)، شۇڭا ئىنسانلار چوقۇم گۇناھنىڭ بەدىلىنى تۆلىشى كېرەك دېيىلىدۇ.

● ئەگەر ئۈچ خىل كولباسا(قىزا) بار دىسەك، بۇلارنىڭ بىرىنچى خىلىدا 10% كالا گۆشى 90% چوشقا گۆشى، ئىككىنچى خىلىدا 50% پىرسەنت كالا گۆشى 50% چوشقا گۆشى، ئۈچىنچى خىلىدا 90% كالا گۆشى ۋە 10% چوشقا گۆشى بار بولسا، ئۇنداقتا بۇلارنىڭ قايسىسىنى يېيىشكە بولىدۇ؟

ھەرقانداق بىر مۇسۇلمان شۇنداق دەيدۇكى، بۇلارنىڭ ھېچقايسىسىنى يېيىشكە بولمايدۇ، چۈنكى ھەتتا بىر پىرسەنت چوشقا گۆشى ئارىلىشىپ قالسىمۇ ھارام بولۇپ، ئۇنى يېيىشكە بولمايدۇ.

خۇددى شۇنىڭدەك، گۇناھكار ئىنسانلارمۇ، مەيلى ئۇنىڭدا 80% ياكى 50% ۋە ياكى 10% ھەتتا 1% گۇناھ بولسۇن، پاك خۇدانىڭ ئالدىدا ھەممىسى ئوخشاشلا ناپاكتۇر.

ئادەمنى ناپاك قىلىدىغىنى گۇناھتۇر. خۇدا ھەرقانداق ناپاك نەرسىنىڭ جەننەتكە كىرىشىگە يول قويمايدۇ (ئىنجىل-ۋەھىيلەر 21:27). دىمەك ھەرقانداق بىر ئىنساننىڭ جەننەتكە كىرىشكە سالاھىيىتى توشمايدۇ.

ئۇنداقتا ئىنسانىيەتنىڭ گۇناھلىرىنى تەلتۆكۈس يۇيالايدىغان قۇربانلىق بەدەل زادى نىمە؟

## مەسىھ ئېتىقاتى

• ئىنسانلار ئاجىز ۋە گۇناھكار بولۇپ، كەچۈرۈلۈشكە ۋە قۇتقۇزۇلۇشقا مۇھتاجتۇر. ئادەملەرنىڭ ئۆتكۈزگەن گۇناھى خۇدا بىلەن ئىنسانلارنىڭ مۇناسىۋىتىگە تەسىر كۆرسىتىپ، خۇدانى قايغۇرتىدۇ. ئادەملەر ھەرگىزمۇ ئىش-ھەركىتىگە تايىنىپ قۇتقۇزۇلۇشقا ئېرىشەلمەيدۇ. ھالبۇكى ئەيسا مەسىھ ئىنسانلار ئۆتكۈزگەن گۇناھنىڭ بارلىق جازاسىنى ئۈستىگە ئالغان بولۇپ، ئۇنىڭ كىرستتە ئۆلتۈرۈلىشى دەل خۇدانىڭ ئىنسانلارنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن بەرگەن بىشارەتلىك خۇش خەۋىرىدۇر. بۇنىڭغا ئىشەنگەن ھەرقانداق ئادەم خۇدانىڭ دۆلىتىدە قايتىدىن تۆرەلگەن بولىدۇ. گۇناھى كەچۈرۈلۈپ، خۇدا بىلەن مۇناسىۋىتى ياخشىلىنىدۇ، ھەمدە مەڭگۈلۈك يېڭى ئالەمگە چوقۇم كىرەلەيدۇ.

• مەسىھ ئېتىقاتچىلىرىنى «خىرىستىيان» دەپ ئاتاش ئانتاكىيە شەھىرىدىن باشلانغان. چۈنكى «مەسىھ» دىگەن سۆز گىرىك تىلىدا «خىرىستوس» دەپ ئاتالغان. (ئىنجىل-ئەلچىلەر 11:26)

• ئەيسا مەسىھنى «رەببىم، رەببىم» دىگەنلەرنىڭ ھەممىسلا ئەرشنىڭ پادىشالىقىغا كىرەلمەيدۇ. پەقەت خۇدانىڭ ئىرادىسىگە ئەمەل قىلغانلارلا كىرەلەيدۇ. (ئىنجىل-مەتتە 7:21)

○ بەزى مۇسۇلمانلار غەرپ ئەللىرىنىڭ كىنولىرى ياكى بىر قىسىم ئادەملەرنىڭ قىلغان ناتوغرا ئىشلىرىغا قاراپلا، مەسىھيلەر شۇنداق ئوخشايدۇ دەپ ئويلايدۇ. ئەمىلىيەتتە بۇ توغرا ئەمەس. چۈنكى غەرپ ئەللىرىدىكى ئادەملەرنىڭ ھەممىسلا ئىخلاسمەن مەسىھ ئېتىقاتچىلىرى ئەمەس. شۇنىڭغا ئوخشاش، مۇسۇلمانلار ئىچىدىمۇ ئىخلاسمەن كىشىلەر بولغاندىن سىرت، ناشايان ئىشلارنى قىلىۋاتقان ئادەملەرمۇ ئاز ئەمەس.

● خۇدا ئۆزىنىڭ چەكسىز مېھىر-مۇھەببىتى ۋە رەھىمدىللىكى بىلەن دۇنيانى ياراتقان چاغدىلا ئىنسانلارنى قۇتقۇزۇش پىلانىنى بېكىتىپ بولغان. (ئىنجىل-ئەفەسلىكلەر 3:11 ، پېتروسI 21-1:18 ، ۋەھىلەر 13:8)

## مەسىھ ئېتىقاتىدا خۇدانىڭ ئەمرلىرى توغرىسىدىكى تەلىملەر

تەۋرات (كونا ئەھدە) دىكى تەلىملەر:

● «ئون پەرھىز» (خۇدا مۇسا پەيغەمبەرگە چۈشۈرگەن ئون ماددىلىق قانۇن) (تەۋرات-مىسىردىن چىقىش 17-20:1 ، قانۇن شەرھى 21-5:5 )

1) بىر ياراتقۇچى خۇدادىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر، پەرۋەردىگار خۇدادىن باشقىغا ئىبادەت قىلىشقا بولمايدۇ.
2) ئاسمان، زىمىن، يەر ئاستى ۋە سۇدىكى ھەرقانداق نەرسىنىڭ شەكلىدە بۇت ياساپ چوقۇنۇشقا بولمايدۇ.
3) پەرۋەردىگار خۇدانىڭ مۇقەددەس نامىنى قالايمىقان تىلغا ئېلىشقا بولمايدۇ.
4) سابات كۈنىگە ئەمەل قىلىش. يەنى بىر ھەپتىنىڭ ئالتە كۈنىدە ئىشلەپ، يەتتىنچى كۈنى (شەنبە كۈنى) چوقۇم دەم ئېلىش كېرەك. چۈنكى بۇ كۈننى خۇدا مۇقەددەس كۈن قىلىپ بېكىتكەن.
5) ئاتا-ئانىسىنى ھۆرمەت قىلىش.
6) قاتىللىق قىلماسلىق.
7) زىنا قىلماسلىق.
8) ئوغرىلىق قىلماسلى.
9) يالغان گۇۋاھلىق بەرمەسلىك.
10) باشقىلارنىڭ مال-مۈلكى، ئايالى ۋە باشقا تەئەللۇقاتلىرىغا كۆز قىزارتماسلىق، ئاچكۆزلۈك قىلماسلىق.

● خۇدانى پۈتۈن قەلبىڭ، پۈتۈن جېنىڭ ۋە پۈتۈن كۈچۈڭ بىلەن سۆيگىن. (تەۋرات-قانۇن شەرھى 6:5 ، 11:23 ، 30:9 ، يەشۇئا 22:5 ، شاھلار تەزكىرىسىII 23:3 ، تارىخنامەII 34:31)

ئىنجىل (يېڭى ئەھدە) دىكى تەلىملەر:

● ئەيسا مەسىھ مۇنداق تەلىم بېرىدۇ.

○ ئەڭ چوڭ ئەمىر شۇكى، خۇدانى پۈتۈن قەلبىڭ، پۈتۈن جېنىڭ ۋە پۈتۈن كۈچۈڭ بىلەن سۆيگىن. ئۇندىن قالسا، باشقىلارنى ئۆزۈڭنى سۆيگەندەك سۆيگىن. مانا بۇ ئىككى ئەمىر تەۋرات قانۇنى ۋە بارلىق پەيغەمبەرلەر

تەلىملىرىنىڭ باش پىرىنسىپىدۇر. (ئىنجىل-مەتتا 22:36 ، ماركوس 12:28)

○ تەۋرات قانۇنىدىكى بەزى پەرھىزلەرنى تەكىتلەيدۇ. (ئىنجىل-مەتتا 19:17 ، ماركوس 10:19 ، لۇقا 18:20)

● قاتىللىق قىلماسلىق، زىنا قىلماسلىق، ئوغرۇلۇق قىلماسلىق، ئاچكۆزلۈك قىلماسلىق دىگەن پەرھىزلەر ۋە باشقا پەرھىزلەرنىڭ ھەممىسى «باشقىلارنى ئۆزۈڭدەك سۆي» دىگەن بۇ بىر ئەمرگە يىغىنچاقلانغان. (ئىنجىل-رىملىقلار 13:9)

● ئاتا-ئانىنى ھۆرمەتلەش. (ئىنجىل-ئەفەسلىكلەر 6:2)

## مەسىھ ئېتىقاتىدا گۇناھقا ئائىت تەلىملەر

● ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانىنىڭ ئۆتكۈزگەن خاتالىقى تۈپەيلىدىن، گۇناھ بۇ دۇنياغا كىرگەن. (ئىنجىل-رىم 19-5:12)

● ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانا گۇناھ ئۆتكۈزگەنلىكى ئۈچۈن، خۇدا ئۇلارنى جەننەتتىن قوغلاپ چىقارغان. (تەۋرات-ئالەمنىڭ يارىتىلىشى 3:23)

● تۆۋەندىكىلەر گۇناھتۇر:

○ خۇدانى رەنجىتىش. (زەبۇر 51:4)

○ خۇدانىڭ ئەمرگە قارشى چىقىش. (تەۋرات-نوپۇس 15:31، سامۇئىلI 15:24)

○ قەلبتىن يامانلىق چىقىرىش. (مەتتا 12:35)

○ خۇدانىڭ مەۋجۇدلىقىنى ئىنكار قىلىش. (زەبۇر 10:4)

○ ئاغزىدا خۇدانى مەدھىيىلىسىمۇ، ئەمما قەلبى خۇدادىن يىراق بولۇش. (يەشايا 29:13) ساختىپەزلىك قىلىش. (ئىنجىل- مەتتا 24:51)

● گۇناھنىڭ ئېنىقلىمىسى توغرىسىدىكى بىر قىسىم تەلىملەر

○ گۇناھ - پەقەت ئاللاھىدە ھەركەت ياكى قىلمىش بولۇشلا ناتايىن.

○ گۇناھ - بارلىق ئىنسانلارنىڭ رەزىللىككە تولغان بىر خىل ھالىتىدۇر.

○ گۇناھ - خۇدانىڭ قانۇنىنى بۇزۇپ، ئۇنىڭ ئىرادىسىگە قارشى تۇرغانلىقتۇر.

○ گۇناھ - ئاكتىپ ياكى پاسسىپ شەكىلدە، مەغرۇرلۇق بىلەن خۇداغا ئاسىلىق قىلىشتۇر. (ئىنجىل-رىملىقلار 32-1:18 )

● كىمدە كىم ھەۋەسلىرىنىڭ كەينىگە كىرسە، ئۇ ئازىدۇ، ھەۋەس ئۇنى گۇناھقا

يىتەكلەيدۇ. گۇناھ ئۇنىڭدا ئۆسۈپ يېتىلسە، مەڭگۈلۈك ئۆلۈمگە باشلاپ بارىدۇ. (ئىنجىل ـ ياقۇپ 1:14،15)

● ئادەمنىڭ قەلبى ھىلە ـ مىكىرگە تولغان بولۇپ، ئەسكىلىكتە چېكىگە يەتكەندۇر. (يەرەمىيا 17:9) ئىنسانىنىڭ جىسمىنى يامانلىق قاپلىغان بولىدۇ، شۇڭا ياخشىلىق قىلىمەن دېسىمۇ قىلالماي، يامانلىق قىلىدۇ. (ئىنجىل ـ رىملىقلار 7:18،23)

● دۇنيادا گۇناھ ئۆتكۈزمەيدىغان بىرمۇ ھەققانى ئادەم يوق بولۇپ، يەر يۈزىدىكى ئادەملەرنىڭ ھەممىسى ناپاك ۋە گۇناھكاردۇر. ئىنسانلار ئۆزلىرى بىلگەن يولغا مېڭىپ، خۇدانىڭ شان ـ شەرىپىدىن مەھرۇم قالغان. (زەبۇر 14:2،3 ، ھېكمەتلەر 7:20 ، يەشايا 53:6 ، ئىنجىل ـ رىملىقلار 3:10،12 ، يۇھاننا I 1:8،10) ئىنسانلار جىسمانى تېنىنىڭ شەخسى ھەۋەسلىرىگە ئەگىشىپ ياشايدۇ. (ئىنجىل ـ ئەفەسلىكلەر 2:3)

● خۇدا ھەرگىزمۇ گۇناھى بارلارنى گۇناھسىز دېمەيدۇ. (مىسىردىن چىقىش 36:6)

● ئەگەر ئادەملەرنىڭ گۇناھلىرى سۈرۈشتۈرۈلىدىغان بولسا، بىرمۇ ئادەم خۇدانىڭ ئالدىدا ئۆرە تۇرالمايدۇ. (زەبۇر 130:3)

● گۇناھنىڭ ئاقىۋىتى مۇنداق بولىدۇ:

○ رەزىل ئادەملەر تىنچ ـ ئامانلىق تاپالمايدۇ. (يەشايا 57:21)

○ گۇناھ ئىنساننى خۇدادىن ئايرىۋېتىدۇ. (يەشايا 59:2)

○ گۇناھ ئىنساننى ئۆلۈمگە ئېلىپ بارىدۇ. (ئىزەكىيال 18:4،20 ، رىملىقلار 5:12،21 ، 6:23 ، ئىبرانىلار 9:27)

○ ئىنسانلار ئۆلگەندىن كېيىن سوراققا تارتىلىدۇ. (ئىبرانىلار 9:27)

● مۇقەددەس روھ ئىنسانلارغا گۇناھىنى تونۇتۇپ، ھەققانىيەتنى ئايان قىلىدۇ، ھەمدە كەلگۈسىدىكى سوراقنى يادىغا سالىدۇ. (ئىنجىل ـ يۇھاننا 16:8)

مەسىھ ئېتىقاتىدا خۇدانىڭ ئادەملەرگە بولغان پوزىتسىيىسى توغرىسىدا:

● خۇدانىڭ ئىرادىسى ئىنسانلارغا تىنچ ـ ئامانلىق ئاتا قىلىشتۇر. (يەرەمىيا 29:11)

● خۇدا بارلىق ئىنسانلارنىڭ قۇتقۇزۇلۇپ، ھەقىقەتكە قاراپ مېڭىشىنى خالايدۇ. (تىموتىI 2:3)

● خۇدا بىرمۇ ئادەمنىڭ ھالاك بولۇشىنى خالىمايدۇ، بەلكى ھەممە ئادەمنىڭ گۇناھىنى تونۇپ ئۆزگىرىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. (پېتروسII 3:9)

● خۇدا گۇناھكار ئادەملەرنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىدىن خۇشال بولمايدۇ، بەلكى ئۇلارنىڭ يامان يولدىن يېنىپ ھايات قېلىشىنى خالايدۇ. (ئېزەكىيال 18:32 ، 33:11)؛ ئۇ گۇناھكار ئادەملەرنىڭ توۋا قىلغانلىقىدىن خۇرسەن بولىدۇ. (لۇقا 15:7)

● ئەيسا مەسىھ گۇناھكار ئادەملەر ئۈچۈن ئۆزىنىڭ بارلىق سەۋر-تاقىتىنى نامايەن قىلغان. (تىمۇتىI 1:16)

● خۇدا قۇربانلىق قىلىشنى ئەمەس، بەلكى رەھىمدىللىكنى خالايدۇ. (مەتتا 9:13)

## مەسىھ ئېتىقاتىدا تەۋرات قانۇنى توغرىسىدىكى تەلىملەر

● ئەيسا مەسىھ تەۋرات قانۇنىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ. (مەتتا 5:17)

● تەۋرات قانۇنى ئادەملەرگە گۇناھنى تونۇتىدۇ، ھەم گۇناھنىڭ رەزىللىكىنى ئاشكارلاپ بېرىدۇ. (رىملىقلار 3:20 ، 7:7 ، 7:13)

● ھېچقانداق بىر ئادەم دىنى ئەمرىمەرۇپلارغا بويسۇنۇش ئارقىلىقلا خۇدانىڭ ئالدىدا مۇتلەق پاك بولۇپ ھەققانى دەپ ئاتىلالمايدۇ. (رىملىقلار 3:20 ، گالاتيالىقلار 2:16 ، 3:11)

●خۇدانىڭ پۈتۈن قانۇنلىرىغا (دىنى ئەمرىمەرۇپلارغا) ئەمەل قىلماقچى بولغان ئادەم پەقەت بىرلا ماددىغا خىلاپلىق قىلسا، ئۇ خۇدانىڭ ئالدىدا پۈتۈن قانۇنلارغا خىلاپلىق قىلغان ئادەمدەك گۇناھكار بولىدۇ. (ياقۇپ 2:10)

● تەۋرات قانۇنى بولمىغان خەلقلەردە، ئىلاھى قانۇننىڭ رولى ئۇلارنىڭ دىلىغا پۈتۈۋېتىلگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ۋىجدانى بۇنىڭغا گۇۋاھ بولالايدۇ. (رىملىقلار 2:15)

● تەۋرات قانۇنى بىزنىڭ يېتەكچى ئۇستازىمىز بولۇپ، بىزنى مەسىھكە قاراپ يېتەكلەيدۇ، ھەم مەسىھكە بولغان ئىشەنچىمىز ئارقىلىق ھەققانى دەپ جاكارلايدۇ. ۋاھالەنكى بۇ ئىشەنچنىڭ نىشانى بولغان مەسىھنىڭ ئۆزى يېتىپ كەلگەنىكەن، بىز ئەمدى بۇرۇنقى ئۇستازنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئەمەسمىز. (گالاتيا 3:24،25)

● خۇدا مۇكەممەلدۇر، شۇڭا بىزمۇ مۇكەممەل بولىشىمىز كېرەك. (مەتتا 5:48) خۇدا ئادىل (زەبۇر 145:17 ، يەشايا 5:16) ۋە پاكتۇر (زەبۇر 99:5)، شۇڭا بىزمۇ پاك بولىشىمىز كېرەك (لاۋىيلار 11:44 ، 19:2 ، 20:7،26) . پاك بولمىغان ئادەم خۇدانى كۆرەلمەيدۇ (ئىبرانىلار12:14). گۇناھكار ئادەملەر خۇداغا يېقىنلىشالمايدۇ. خۇدا بىلەن قايتا مۇناسىۋەت ئورنىتىش ئۈچۈن، ئادەملەر چوقۇم گۇناھتىن پاكلىنىشى كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن خۇدا ئۆزى بىلەن ئىنسانلار ئوتتورىسىدا بىر يولنى ئاچقان بولۇپ، بۇ يول دەل ئەيسا مەسىھتۇر. خۇدانىڭ كالامى (سۆزى) بولغان ئەيسا مەسىھ ئىنسان تىنى شەكلىدە يەر يۈزىگە چۈشكەندە، ئادىمزاتقا خۇدانىڭ قانداق

ئىكەنلىكىنى ئايان قىلدى. ئۇ ئېلىپ كەلگەن قۇتقۇزۇش شەپقىتى يەنى ئۇنىڭ قۇربانلىقى ئارقىلىق بىز پاكلاندۇق، ھەم شۇ چاغدىن باشلاپ خۇدا بىلەن خاس مۇناسىۋەت ئورنىتالىدۇق. ئەيسا مەسىھنىڭ قۇربانلىقى خۇدانىڭ ئىنسانلار بىلەن مۇناسىۋەت ئورناتماقچى ئىكەنلىكىنى نامايەن قىلدى. خۇدا مۇقەددەس كىتاپ ۋە مۇقەددەس روھ ئارقىلىق بىز بىلەن ئالاقە باغلايدۇ. مۇقەددەس روھ بىزنىڭ خۇدا بىلەن ئۆزئارا مۇناسىۋەت باغلىشىمىزغا ياردەم قىلىدۇ. بىزنىڭ خۇدا بىلەن بولغان خاس مۇناسىۋىتىمىز ئىنتايىن چوڭقۇر ئەھمىيەتكە تولغان بولۇپ، خۇدانىڭ بۇلارنى قىلىشتىكى سەۋەبى، ئۇ مېھىر-مۇھەببەتتۇر.

## ئەيسا مەسىھ بىلەن ئىنسانلار ئوتتورىسىدىكى مۇناسىۋەت توغرىسىدا:

● ئەيسا مەسىھ بىز تېخى گۇناھكار ۋاقتىمىزدىلا، بىز ئۈچۈن ئۆز جېنىنى پىدا قىلدى. مانا بۇ ئارقىلىق خۇدا بىزگە بولغان مېھىر-مۇھەببىتىنى ئىسپاتلىدى. ئەيسا مەسىھ گۇناھ قىلىپ باقمىغان بولسىمۇ، ئازاپ-ئوقۇبەت چېكىپ، ھەممىمىزنى خۇدا بىلەن ياراشتۇرۇش مەقسىتىدە بىز گۇناھكارلارنىڭ ئورنىدا ئۆلدى. ئۇنىڭ بىرلا قېتىملىق قۇربانلىق قىلىنىشى بىلەن بارلىق گۇناھلىرىمىز يۇيۇلدى. (رىملىقلار 5:8 ، پېترۇسI 3:18)

● ئەيسا مەسىھ خۇدا بىلەن ئىنسانلار ئوتتورىسىدىكى كېلىشتۈرگۈچى. (تىموتىيI 2:5)

● ئەيسا مەسىھ ھەر بىر ئادەمنىڭ قەلب ئىشىكىنى چېكىدۇ. ئەگەر بىرەيلەن ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئىشىكنى ئاچسا، ھەزرىتى ئەيسا ئۇنىڭ قەلبىگە كىرىدۇ ھەم ئۇنىڭ بىلەن ھەمداستىخان بولىدۇ. (ۋەھىيلەر 3:20)

گۇناھىمىز كەچۈرۈلسۇن دەيدىكەنمىز، مۇنداق قىلىشىمىز كېرەك:

● گۇناھلىرىمىز ئۈچۈن چىن قەلبىمىزدىن ئازاپلىنىپ تۆۋە قىلىشىمىز كېرەك. (زەبۇر 51:17)

● تۆۋەنچىللىك بىلەن گۇناھلىرىمىزنى ئىقرار قىلىشىمىز كېرەك. (لۇقا 14-18:9)

● گۇناھىمىزنى ئېتىراپ قىلىشىمىز (زەبۇر 32:5) تۆۋە قىلىشىمىز (لۇقا 5-13:2)، ئەيسا مەسىھنىڭ نامى بىلەن چۆمۈلدۈرۈلىشىمىز (ماركوس 1:15 ، ئەلچىلەر 3:28 ، كورىنتلىقلارI 7:9)، تۆۋە قىلغان قەلبىمىزگە لايىق ئىش-ھەرىكەت قىلىپ مېۋە بېرىشىمىز (لۇقا 3:8 ، ئەلچىلەر 26:20)، باشقىلارنى كەچۈرىشىمىز (مەتتا 6:14،15)، ئەيسا مەسىھكە ئىشىنىشىمىز ۋە تايىنىشىمىز كېرەك (ئەلچىلەر 20:21).

● ئۆزىمىزنىڭ گۇناھىنى ئېتىراپ قىلساق، خۇدا ئەيسا مەسىھنىڭ نامى بىلەن

گۇناھلىرىمىزنى چوقۇم كەچۈرۈم قىلىدۇ. (ئەلچىلەر 10:43، كولوسسىلىقلار 2:12،13، يۇھاننا I 1:9 ، 2:12)

## مەسىھ ئېتىقاتىدا ئېشەنچ ۋە ھەركەت توغرىسىدىكى تەلىملەر

• ئېتىقات دىگىنىمىز مەلۇم دىنى قائىدە-نىزاملارغا ئىشىنىپ قويۇش دىگەنلىك ئەمەس.

• ئېتىقات خۇش خەۋەرنى ئاڭلاشتىن كىلىدۇ، بۇ خۇش خەۋەر ئەيسا مەسىھنىڭ سۆزلىرىدىن كەلگەن. (رىملىقلار 10:17)

• ئېتىقات قىلماي تۇرۇپ خۇدانى خۇرسەن قىلغىلى بولمايدۇ. چۈنكى خۇدانىڭ ئالدىغا كەلگەن كىشى چوقۇم خۇدانىڭ مەۋجۇدلىقىغا ۋە ئۇنى ئىزدىگەنلەرنىڭ ئەجرى قايتۇرىلىدىغانلىقىغا ئىشىنىشى كىرەك. (ئىبرانىلار 11:6)

• ئەيسا مەسىھنىڭ رەب ئىكەنلىكىنى ئېغىزدا ئېتىراپ قىلغان، ھەمدە خۇدانىڭ ئۇنى ئۆلۈمدىن تىرىلدۈرگەنلىكىگە چىن قەلبىدىن ئىشەنگەن ئادەم چوقۇم قۇتقۇزىلىدۇ. (رىملىقلار 10:9،10)

• ئادەم پەقەت ئەيسا مەسىھكە تايىنىش ئارقىلىقلا قۇتقۇزۇلۇشقا ئېرىشەلەيدۇ. (ئەلچىلەر 4:12)

• ئىشىنىپ چۆمۈلدۈرۈلگەنلەر چوقۇم قۇتقۇزىلىدۇ (ماركوس 16:16). بۇ قۇتقۇزۇلۇش خۇدانىڭ رەھىم-شەپقىتىدىن كەلگەن بولۇپ، ھەرگىزمۇ ئادەمنىڭ ئىش-ئەمەللىرىدىن كەلمىگەن (ئەفەسلىكلەر 2:8،9 ، تىتوس 3:5). خۇداغا ئىشەنگەنلەر ھەققانى دەپ ھىساپلىنىدۇ (ئالەمنىڭ يارىتىلىشى 15:6 ، رىملىقلار 3:26 ، 5-4:3 ) .

• ئەيسا مەسىھنى رەببىم دەپ ئاتىغانلار، ئۇنىڭ سۆزلىرىگە ئەمەل قىلىشى كىرەك. (لۇقا 6:46)

• ئەيسا مەسىھكە مۇرت بولغانلار، ئۇنى ئۆزىنىڭ ئاتا-ئانىسى، ئايالى، پەرزەنتلىرى، قېرىنداشلىرى ۋە ھاياتىدىنمۇ بەكرەك سۆيىشى كىرەك، ھەمدە ئۆزىنىڭ كىرستىنى يۈدۈپ ئۇنىڭغا ئەگىششى كىرەك. (لۇقا 27-14:25)

• ئەمىلىيىتى يوق ئېتىقات ئۆلۈكتۇر (ياقۇپ 26-2:14 ). خۇدانىڭ ئىرادىسىگە ئەمەل قىلغانلارلا جەننەتكە كىرەلەيدۇ (مەتتا 7:21)

## ئەيسا مەسىھكە ئىشەنگەندە تۆۋەندىكىدەك نەتىجىلەر كىلىپ چىقىدۇ:

• قۇتقۇزىلىمىز (ماركوس 16:16 ، يۇھاننا 10:9 ، ئەلچىلەر 4:12 ، رىملىقلار 10:13 ، ئىبرانىلار 5:9)

● گۇناھىمىز بىكىتىلمەيدۇ (يۇھاننا 3:18 ، 5:24 ، ئەلچىلەر 10:43 ، رىملىقلار 8:1،2 ) ھەم كەچۈرۈلىدۇ (ئەفەسلىكلەر 1:7).

● خۇدا تەرىپىدىن ھەققانى دەپ ئاتىلىمىز. (رىملىقلار 3:24،26،28 ، گالاتىيالىقلار 3:6 ، فىلىپىلىكلەر 3:9)

● ئەيسا مەسىھ بىلەن بىللە كىرستتا مىقلانغان بولىمىز، ئەيسا مەسىھ ئىچىمىزدە ياشايدۇ. (گالاتىيالىقلار 2:20)

● يېڭىدىن يارالغان ئادەم بولىمىز (كورىنتلىقلارII 5:17)، قايتىدىن تۇغۇلغان ھىساپلىنىمىز (يۇھاننا 3:3ـ7 )، يېڭى روھقا ئىگە بولىمىز (ئىزەكىئال 36:26،27 ، رىملىقلار 8:10)، ھاياتلىققا ئىگە بولىمىز (يۇھاننا 20:31)، مەڭگۈلۈك ھاياتقا ئېرىشىمىز (يۇھاننا 3:14ـ16 ، 5:24 ، 6:40 ، 10:28 ، رىملىقلار 6:23)، خۇدا ۋە ئەيسا مەسىھنى تونۇشنىڭ ئۆزى مەڭگۈلۈك ھاياتلىقتۇر (يۇھاننا 17:3) .

● دۇنيانىڭ ئۈستىدىن غەلبە قىلغان بولىمىز. (يۇھانناI 5:4،5 )

● تىل بىلەن ئىپادىلەپ بەرگۈسىز شان ـ شەرەپكە تولغان زور خۇشاللىققا ئېرىشىمىز. (پېتروسI 1:8)

● تولۇق قانائەتكە ئېرىشىمىز. (كولوسىلىقلار 2:10)

● ئاراملىق تېپىپ، يەڭگىللەيمىز. (مەتتا 11:29،30)

● ئادەملەر بىلەن ئىناق ئۆتىمىز. (ئەفەسلىكلەر 2:14،15)

خۇدا بىلەن بولغان مۇناسىۋەت جەھەتتە:

● ئەيسا مەسىھ ئارقىلىق خۇدا بىلەن يارىشىمىز. (كورىنتلىقلارII 5:18ـ20 ، رىملىقلار 5:1 ، ئەفەسلىكلەر 2:16 )

● خۇدانىڭ پەرزەنتلىرى بولىمىز. (يۇھاننا 1:12 ، رىملىقلار 8:14ـ16 ، گالاتىيالىقلار 3:26 ، ئەفەسلىكلەر 1:5 ، فىلىپىلىكلەر 2:15 ، يۇھانناII 3:1)

● خۇدانىڭ روھى قەلبىمىزدىن ئورۇن ئېلىپ، بىزنى يېتەكلەيدۇ (رىملىقلار 8:9ـ11 , 14 ). خۇدادىن كەلگەن روھ بىزگە خۇدانىڭ ئىلتىپاتلىرىنى بىلدۈرگۈزىدۇ (كورىنتلىقلارI 2:12). مۇقەددەس روھ بىزدە مىۋە بېرىدۇ، يەنى مېھىر ـ مۇھەببەت، خۇشاللىق، تىنچلىق، سەۋرچانلىق، مېھرىبانلىق، ئاق كۆڭۈللۈك، سادىقلىق، مۇلايىملىق ۋە ئۆزىنى تۇتىۋېلىش قاتارلىقلار (گالاتىيالىقلار 5:22،23)

● خۇدانىڭ خاراكتىرى بىزدە بولىدۇ. (پېتروسII 1:4)

● خۇدانىڭ ھوزۇرىغا بارىمىز. (يۇھاننا 14:6)

● ھاياتىمىز ئەيسا مەسىھ بىلەن بىللە خۇدانىڭ ئىچىدە ساقلىنىدۇ. (كولۇسلۇقلار 3:3)

ئېتىقات قىلغاندىن كېيىن مۇنۇلارنى قىلىش كېرەك:

● ھەر يەكشەنبە كۈنى مەسىھ جامائەتچىلىكىگە بېرىپ دۇئا-تىلاۋەتكە قاتناشسىلا ھېساپ ئەمەس، يەنە باشقا مەجبۇرىيەتلەرمۇ بار.

● خۇدانىڭ مېھىر-مۇھەببىتىگە ئېرىشكەن پەرزەنتلەر بولغانىكەنمىز، بىزمۇ خۇدانى ئۈلگە قىلىپ، مېھىر-مۇھەببەتنى ئەمەلىيىتىمىزدە كۆرسىتىشىمىز كېرەك، خۇددى ئەيسا مەسىھ بىزگە بولغان مېھىر-مۇھەببىتى ئۈچۈن ئۆزىنى قۇربان قىلغاندەك. (ئەفەسلىكلەر 5:1،2)

● ياخشى ئىشلارنى كۆپ قىلىش كېرەك (ئەفەسلىكلەر 2:10). ئېتىقات مېھىر-مۇھەببەت ئارقىلىق ئىپادىلىنىشى كېرەك (گالاتىيالىقلار 5:6).

● پاك ياشاشقا تىرىشىش كېرەك. پاك بولمىغانلار رەبنى كۆرەلمەيدۇ. (ئىبرانىلار 12:14)

● باشقىلارنى كەچۈرۈشىمىز كېرەك، خۇددى پەرۋەردىگار ئەيسا مەسىھنىڭ ئىچىدە بىزنىڭ گۇناھلىرىمىزنى كەچۈرگەندەك. (ئەفەسلىكلەر 4:32)

● خۇدانى دائىم مەدھىيىلەش ۋە شۈكرى ئېيتىش كېرەك. (ئەفەسلىكلەر 5:19،20)

**قۇتقۇزۇلۇش توغرىسىدا** (مۇھىم نوقتىلار)

● خۇدا قۇتقۇزۇلۇش شەرتلىرىنى ئورۇنداپ بولغان:

○ خۇدا چەكسىز مېھىر-مۇھەببىتى ۋە رەھىمدىللىكى بىلەن ئەيسا مەسىھنى ئىنسانلار ئارىسىغا ئەۋەتىپ، ئۇنى ئىنسانلار گۇناھلىرىنىڭ بەدىلى ئۈچۈن قۇربانلىق قىلىش ئارقىلىق، ئىنسانلارنى گۇناھنىڭ ئىلكىدىن قۇتقۇزۇپ، ئۇلار بىلەن ياراشتى. (يۇھاننا 3:16،17 ، رىملىقلار 3:25 ، ئەفەسلىكلەر 2:8 ، تىتوس 3:5)

○ ئىنجىل ئادەمگە ئەقىل-پاراسەت ئاتا قىلىدۇ. (تىموتىيII 3:14،15)

● ئادەمنىڭ قۇتقۇزۇلۇش شەرتلىرى تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

○ گۇناھىغا تۆۋە قىلىپ توغرا يولغا قايتقان بولۇش كېرەك. (ئەلچىلەر 2:38 ، 3:19)

○ چىن قەلبىدىن ئەيسا مەسىھنى قوبۇل قىلىش ۋە ئۇنىڭ سۆزلىرىگە ئەمەل قىلىش كېرەك. ئۇنىڭ ئۆلۈمدىن تىرىلگەنلىكىگە ئىشىنىش، ئۇنىڭ نامى بىلەن دۇئا قىلىش كېرەك. ئېتىقاتتا چىڭ تۇرۇش كېرەك. ئېتىقاتىنى ئەمەلىيىتىدە كۆرسىتىش كېرەك. ئەيسا مەسىھ ۋە خۇش خەۋەر ئۈچۈن ھەتتا ھاياتىدىنمۇ ئايرىلىپ قىلىشقا تەييار تۇرۇش كېرەك. (ماركوس 8:35 ، يۇھاننا 6:47 ، 11:25،26 ، 20:31 ، ئەلچىلەر 2:21 ، ئىبرانىيلار 3:14 ، ياقۇپ 2:24 ، پېتروسI 1:5،9 )

○ ئەيسا مەسىھنى رەببىم دەپ ئۆز ئاغزى بىلەن ئېتىراپ قىلىشى كېرەك. (رىملىقلار 10:9،10)

○ ھەرقانداق ئادەم يوقۇرقى شەرتلەرنى قوبۇل قىلسا قۇتقۇزۇشقا ئېرىشەلەيدۇ. (ئەلچىلەر 2:39 ، رىملىقلار 1:16،17 )

● پەقەت ئەيسا مەسىھكە تايىنىش ئارقىلىقلا قۇتقۇزۇلۇشقا ئېرىشكىلى بولىدۇ. (يۇھاننا 14:6 ، ئەلچىلەر 4:12 ، تىموتىيI 2:5،6 )

● قۇتقۇزۇلۇشنىڭ شەرتلىرى ئىش-ھەركەت ۋە تەۋرات قانۇنىغا (تۈرلۈك دىنى ئەمرىمەرۇپلارغا) بويسۇنۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ. (گالاتىيالىقلار 2:16 ، ئەفەسلىكلەر 2:9 )

● بۇ قۇتقۇزۇلۇش شۇنچىلىك مۇستەھكەمكى، ھېچقانداق نەرسە بىزنى ئەيسا مەسىھنىڭ مېھىر-مۇھەببىتىدىن ئايرىۋېتەلمەيدۇ. (رىملىقلار 8:38،39)

قۇتقۇزۇلۇشنىڭ كونكرېت ئەھمىيتى:

● خۇدانىڭ پەرزەنتى بولغىلى بولىدۇ. (يۇھاننا 1:12 ، رىملىقلار 8:14-16 ، گالاتىيالىقلار 3:26 ، ئەفەسلىكلەر 1:5 ، فىلىپىلىكلەر 2:15 ، يۇھانI 3:1 )

● گۇناھى بىكتىلمەيدۇ، خاتالىقلىرى كەچۈرۈلىدۇ. (يۇھاننا 3:18 ، 5:24 ، ئەلچىلەر 10:43 ، رىملىقلار 8:1،2 ، ئەفەسلىكلەر 1:7)

● ھەققانى دەپ ئاتىلىدۇ. (رىملىقلار 3:24،26،28 ، گالاتىيالىقلار 3:6 ، فىلىپىلىكلەر 3:9 )

● ھالاك بولۇشتىن ساقلىنىپ، مەڭگۈلۈك ھاياتلىققا ئېرىشەلەيدۇ. (يۇھاننا 5:24 ، يۇھانناI 5:11،13 )

● ھەققانىيەت تاجى كەيدۈرۈلىدۇ. (تىموتىII 4:8)

قۇتقۇزۇلۇشنىڭ دەلىللىرى:

• بىز ئەيسا مەسىھنىڭ ئىچىدە، ئەيسا مەسىھ ۋە مۇقەددەس روھ بىزنىڭ ئىچىمىزدە بولىدۇ. (كورىنتلىقلارII 13:5 ، يۇھاننا 3:24 ، 4:13)

• بىز يېڭىدىن يارىتىلغان ئادەملەر بولىمىز. (كورىنتلىقلارII 5:17)

قۇتقۇزۇلغان ئادەملەردە بولۇشقا تېگىشلىك ئىپادىلەر:

• ئەيسا مەسىھنىڭ تەلىملىرىگە ئەمەل قىلىش، ھەققانىيەتنى ياقلاپ، ياخشى ئىشلارنى قىلىش. (يۇھانناI 2:3،5،29 ، يۇھانناII 9 ، يۇھانناIII 11)

• گۇناھ ئۆتكۈزمەسلىك. (يۇھانناI 3:9 ، 5:18)

• قەلبىدە مېھىر-مۇھەببەت بولۇش، قېرىنداشلىرىنى سۆيۈش. (يۇھانناI 2:10 ، 3:14 ، 4:7 ، 5:1 )

• بۇ دۇنيانىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش. (يۇھانناI 5:4)

قۇتقۇزۇلغان ئادەملەردە بولماسلىقى تېگىشلىك ئىپادىلەر:

• خۇداغا قارشى ئىشلارنى قىلىش، ئەيسا مەسىھنىڭ تەلىملىرىگە ئەمەل قىلماسلىق، يامان ئىشلارنى قىلىش، قاراڭغۇلۇقتا مېڭىش. (تىتوس 1:16 ، يۇھانناI 1:6 ، 2:4 )

• قەلبىدە مېھىر-مۇھەببەت بولماسلىق، قېرىنداشلىرىنى سۆيمەسلىك ھەتتا ئۆچمەنلىك قىلىش. (يۇھانناI 2:9،11 ، 4:8،20 )

**ئەيسا مەسىھنى قوبۇل قىلىپ قۇتقۇزۇلۇشقا ئېرىشىش ئۈچۈن مۇنداق قىلىش كېرەك:**

• مەن ئۆزۈمنىڭ گۇناھكار ئادەم ئىكەنلىكىمنى، خۇدانىڭ گۇناھلىرىمنى كەچۈرۈۋېتىشىگە مۇھتاج ئىكەنلىكىمنى ئېتىراپ قىلىمەن.

• مەن گۇناھلىرىمغا تۆۋە قىلىپ، گۇناھتىن ئايرىلىشنى خالايمەن.

• مەن ئەيسا مەسىھنىڭ گۇناھلىرىم ئۈچۈن كىرستتا مىقلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىگە ۋە قايتا تىرىلگەنلىكىگە ئىشىنىمەن.

• مەن ئەيسا مەسىھنىڭ ھاياتىمغا كىرىشىنى ۋە مۇقەددەس روھ ئارقىلىق ھاياتىمنىڭ قۇتقۇزغۇچىسى ۋە ئىگىسى بولىشىنى تىلەيمەن.

ئادەم ئەيسا مەسىھكە ئىشەنگەندىن كېيىن ھەقىقى تىنچلىق، خۇشاللىق ۋە قانائەتكە ئېرىشەلەيدۇ، چۈنكى:

• قېيىنچىلىقتا يولۇققاندا تەسەللى تاپالايمىز.

○ ئەيسا مەسىھ دۇنيانىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلغان. (يۇھاننا 16:33)

○ ھەممە ئىشلار ئۆزئارا ماسلىشىپ، خۇدانى سۆيگەنلەرگە مەنپەئەت ئېلىپ كېلىدۇ. (رىملىقلار 8:28)

○ خۇدا قىيىنچىلىقتا ئۇچرىغانلارغا تەسەللى بېرىدۇ. (كورىنتلىقلارII 1:4)

○ گەرچە تېنىمىز ۋە يۈرەك-باغرىمىز قېرىپ ئاجىزلاشسىمۇ، ئەمما خۇدا مەڭگۈ بىزنىڭ كۈچ-قۇدرىتىمىز ۋە بەختىمىزدۇر. (زەبۇر 73:26)

• ئۆزىمىز ۋە باشقىلارنىڭ قەدىرى-قىممىتىگە قارىتا توغرا قاراشتا بولىمىز.

○ خۇدا ئۆزىنىڭ ئوبرازىغا ئاساسەن ئىنسانلارنى ياراتتى، ھەممە ئىنسانلارنى خۇدا تەرىپىدىن يارىتىلغان بارلىق مەۋجۇداتلارنى باشقۇرۇشقا ئورۇنلاشتۇردى. (ئالەمنىڭ يارىتىلىشى 1:27)

○ خۇدا ئىچكى ئەزالىرىمىزنى شەكىللەندۈرگەن، ئانىمىزنىڭ قورسىقىدا بىزنى توقۇپ چىققان. ئۇ ئىنسانىنى شۇنچىلىك ئاجايىپ ۋە ئەيمىنگۈدەك قىلىپ ياراتقان. (زەبۇر 14،13:139)

○ خۇدا ئىنسانىنى ئەتىۋارلاپ، ئۇنىڭغا شان-شەرەپ ۋە قەدىر-قىممەت تاجىنى كەيدۈرگەن. (زەبۇر 8-8:3 )

○ خۇدا ئىنسانلارنىڭ ھەر خىل ئېھتىياجلىرىنى تەمىنلەيدۇ. (كورىنتلىقلارI 4:7)

○ ئەيسا مەسىھتىن ئايرىلىپ قالساق، ھېچنىمە قىلالمايمىز. (يۇھاننا 15:5)

○ ئەيسا مەسىھ گۇناھكار ئادەملەرنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئۆزىنى قۇربان قىلدى، بۇ ئارقىلىق خۇدانىڭ مېھرى-مۇھەببىتى ئىنسانلارغا نامايەن بولدى. (رىملىقلار 5:8)

○ ئەيسا مەسىھنىڭ ئىچىدىكى ئادەم يېڭىدىن يارىتىلغان ئادەمدۇر. (كورىنتلىقلارII 5:17)

○ خۇدا ئادەملەرنىڭ قىلغان ئىشلىرىنىڭ نەتىجىسىگە ئەمەس بەلكى جەريانىغا ئېتىۋار بېرىدۇ. (كورىنتلىقلارI 15:58)

○ بىز خۇدانىڭ ئۆلچىمى بويىچە ئۆزىمىزنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ قەدىر-قىممىتىنى ئۆلچىسەك بولىدۇ. باشقىلار بىلەن سېلىشتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق.

• ھەرقانداق چاغدا تىنچ-خاتىرجەملىك ھېس قىلىمىز.

○ ئەيسا مەسىھ بىزگە تىنچ-ئامانلىق ئاتا قىلىدۇ. (يۇھاننا 14:27)

○ خۇدا ھەممىنى كونترول قىلىپ تۇرىدۇ (يۇھاننا 16:33)، ھەتتا ھوقۇقدارلارنىڭ قەلبىمۇ ئۇنىڭ قولىدا (پەند-نەسىھەتلەر 21:1)

○ خۇدانىڭ ئىقتىدارى ۋە بىلىدىغىنى ھەرقانداق ئادەمدىن يۇقىرىدۇر. (يەشايا 40:12-17 )

○ خۇدا ھالىمىزدىن خەۋەر ئالىدۇ، بىزنى قوغدايدۇ. بىزنىڭ پۈتۈن ھاياتىمىز ئۇنىڭ قولىدا. شۇڭا قورقىشىمىزنىڭ، ئەنسىرىشىمىزنىڭ ۋە غەم قىلىشىمىزنىڭ ھاجىتى يوق. (مەتتا 6:24-34 ، 11:28-30 )

○ خۇدا بىزگە قورقۇنچاقلىقنى ئەمەس، بەلكى قەيسەرلىك، مېھىر-مۇھەببەتلىك ۋە سالماقلىق روھىنى ئاتا قىلغان. (تىموتىيII 1:7)

● خۇدا بىزنى سۆيگەچكە، بىزمۇ باشقىلارنى سۆيەلەيمىز.

○ خۇدا بىزنى سۆيىدۇ. (رىملىقلار 5:8)

○ بىز باشقىلارنى سۆيىمىز، چۈنكى خۇدا باشتا بىزنى سۆيدى. (يۇھانناI 4:19)

○ باشقىلار بىلەن ئىناق ئۆتىمىز، ئەسلىدە قوبۇل قىلالمايدىغان ئادەملەرنى قوبۇل قىلىمىز، كەچۈرەلمەيدىغان ئادەملەرنى كەچۈرىمىز. ئېھتىياجى بارلارغا خالىس ياردەم قىلىمىز. (مەتتا 5:38-48 ، 25:37-40 ، ئەفەسلىكلەر 2:14،15)

● گۇناھ توغرىسىدىكى مەسىلىمىز ھەل بولۇندى.

○ گۇناھىمىز كەچۈرۈلدى، بىز ھەققانى دەپ ئاتالدۇق. (رىملىقلار 3:26-28 ، ئەفەسلىكلەر 1:7)

○ خۇدا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمىز ياخشىلاندى. (كورىنتلىقلارII 5:18،19)

○ ئەيسا مەسىھ بىزنى گۇناھتىن ئازات قىلدى، رەزىل قارا روھلارنىڭ تەسىر كۈچىدىن ئايرىۋەتتى، بىزگە گۇناھنىڭ ئۇستىدىن غەلىبە قىلالايدىغان كۈچ ئاتا قىلدى. (ئېزەكىيال 36:27 ، رىملىقلار 7:18 ، كورىنتلىقلارI 10:13 )

○ ئۇ بىزنى ئۆلۈم قانۇنىيىتىدىن ئازات قىلدى. (رىملىقلار 8:2)

● ھاياتىمىز ئەھمىيەتلىك بولدى.

○ بىز پەقەت خۇدانىڭ دۆلىتى ۋە ھەققانىيىتىنىلا تىلەيمىز. (مەتتا 6:34)

○ ئەيسا مەسىھ خۇدانىڭ ھوزۇرىغا ئېلىپ بارىدىغان يولنى كۆرسەتتى، بىز

قەيەرگە بارىدىغانلىقىمىزنى بىلىمىز. (يۇھاننا 8:12 ، 12:35)

○ بىز خۇداغا شان-شەرەپ كەلتۈرىمىز. (كورىنتلىقلارI 6:19 ، ئەفەسلىكلەر 6-1:3 )

● ھەرقانداق ئۇسسىغان ئادەم خۇدانىڭ ئالدىغا كەلسە، ئۇنىڭ قەلبى خۇشاللىققا تولىدۇ. (يەشايا 55:1،2)

● ئېغىر يۈكنى كۆتۈرگەنلەر ئەيسا مەسىھنىڭ قېشىغا كەلسە ئاراملىق تاپىدۇ. (مەتتا 11:28)

● ئۇسسىغان ئادەم ئەيسا مەسىھنىڭ قېشىغا كەلسە، ھاياتلىق سۈيىدىن ھەقسىز ئىچەلەيدۇ. (ۋەھىيلەر 22:17)

● خۇدا بىزگە تىنچ-ئامانلىق، خۇشاللىق ۋە قانائەت ئاتا قىلىدۇ. بىز ئەمدى ئۇسسىمايمىز ھەم تېخىمۇ مول ھاياتلىققا ئېرىشىمىز. (زەبۇر 4:7،8 ، 29:11 ، يەشايا 55:3 ، يۇھاننا 4:13،14 ، 6:35 ، 7:37،38 ، 10:10 ، 14:27 ، رىملىقلار 15:13 ، پېترۇسI 1:8،9 )

● ئەيسا مەسىھ ئېيتقان «ئىككى ئوغۇلنىڭ ھېكايىسى» (لۇقا 32-15:11 ) ئارقىلىق خۇدانىڭ ئىنسانلارغا بولغان ئاتىلارچە مېھىر-مۇھەببىتىنى كۆرىۋالغىلى بولىدۇ.

## پاۋلۇس مەسىھ ئېتىقادىنى ئۆزگەرتىۋەتكەنمۇ؟

● گەرچە يېقىنقى زاماندىكى بەزى مۇسۇلمانلار پاۋلۇس ئەيسا مەسىھنىڭ تەلىمىنى ئۆزگەرتىۋەتكەن دېگەن سەپسەتىنى كۆتىرىپ چىققان بولسىمۇ، ئەمما ئىسلام دىنىنىڭ دەسلەپكى ئەنئەنىسىدە بۇنداق تەلىم يوق ئىدى.

● ئىسلام تارىخچىسى تەبەرى ئەيسا پەيغەمبەرنىڭ ئەۋەتكەن شاگىرتلىرى ئىچىدە پېترۇس ۋە پاۋلۇسلارنىڭ بارلىقىنى ئېيتقان.
（A history of the Christian Church, Thalabii. Qisas al-Anbiyaa，389-390 页；泰伯里，Taarikh al-umam wa-l-muluuk II / II，1560）

● ئەڭ دەسلەپ مۇھەممەت پەيغەمبەرنىڭ تەرجىمھالىنى يازغان ئىبنى ئىسھاقنىڭ خاتىرىسىدە، مەريەم ئوغلى ئەيسا ئەۋەتكەنلەرنىڭ ئىچىدە، ئەلچى پېترۇس ۋە پاۋلۇس (ئەگەشكۈچى) قاتارلىقلارنىڭ بارلىقى ئېيتىلغان.
（阿尔弗雷德·纪尧姆, The Life of Muhammad，653 页）

● قۇرئاننىڭ 3-سۈرە 55-ئايىتىدە، ئاللانىڭ ئەيسا مەسىھ ئېتىقاتچىلىرىنى باشقا ئىنسانلاردىن ئۈستۈن قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىلغان. قۇرئان 61-سۈرە 14-ئايەتتە، مەريەم ئوغلى ئەيسا شاگىرتلىرىدىن كىم مەن بىلەن بىرگە خۇدانىڭ ياردەمچىسى

بولىدۇ دەپ سورىغاندا، شاگىرتلىرى بىز خۇدانىڭ ياردەمچىلىرى بولىمىز دېيىشىدۇ. بەنى ئىسرائىللار ئىچىدە بىر قىسىم ئادەم ئىشىنىدۇ، بىر قىسمى ئىشەنمەيدۇ. خۇدا ئىشەنگەنلەرنى يۆلەپ دۈشمەنلىرى ئۈستىدىن غالىب قىلىدۇ.

• ئىسلام دىنى پەيدا بولۇشتىن بۇرۇن، رىم ئىمپېرىيىسىدە مەسىھ ئېتىقاتى ئاساسلىق ئېتىقات ئىدى. بۇنىڭدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، قۇرئان پاۋلۇسنى توغرا يولدا ماڭغۇچى دەپ قارايدۇ، چۈنكى ئۇ ئارقىلىق رىم ئىمپېرىيىسىگە تارقالغان مەسىھ ئېتىقاتى باشقا بىدئەت دىنلارنىڭ ئۈستىدىن غالىب كەلگەن.

• پاۋلۇس يەھۇدى مىللىتىدىن بولۇپ، كىلكىيە ئۆلكىسىدىكى تارسۇس شەھرىدە تۇغۇلغان (ئەلچىلەر 21:39). ئۇ ئىلگىرى مەسىھ جامائەتچىلىكىگە پۈتۈن كۈچى بىلەن قارشى تۇرۇپ زىيانكەشلىك قىلغان (گالاتىيالىقلار 1:13). ئۇ دەمەشىققە كىتىۋاتقان يولدا ئەيسا مەسىھ ئۇنىڭغا ئايان بولغان (ئەلچىلەر 9:3). ئۈچ يىلدىن كېيىن خۇش خەۋەر تارقىتىشقا باشلىغان (گالاتىيالىقلار 1:18). ئۇ ئۆزىنى مەسىھ ئەلچىلىرىنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ كىچىكى دەپ ئاتايدۇ (كورىنتلىقلارI 15:9).

• ئىنجىلدىكى باشقا شاگىرتلارنىڭ يازمىلىرى ئىچىدە، بەزىلىرى پاۋلۇسنىڭ خەتلىرىدىن بۇرۇن، بەزىلىرى ئۇنىڭدىن كېيىن يېزىلغان بولۇپ، پاۋلۇس خۇش خەۋەر تارقاتقاندا، پېتروس ۋە باشقا شاگىرتلار تېخى هايات ئىدى. پاۋلوس مىلادى 60 نەچچىنچى يىللىرى ئەيسا مەسىھكە گۇۋاهلىق بېرىش يولىدا شېهىت بولغاندىن كېيىن، ئەلچى يۇهاننا يەنە 30 نەچچە يىل ئۆمۈر كۆرىدۇ (مىلادى 90 نەچچىنچى يىللىرى ئالەمدىن ئۆتىدۇ). ئۇمۇ ئۆزىنىڭ يازمىلىرىنى قالدۇرۇپ كىتىدۇ.

• شۇڭا، باشقا شاگىرتلارنىڭ پاۋلۇسنىڭ يازمىلىرىنى كۆچۈرۈۋىلىشى مۇمكىن ئەمەس. پاۋلۇس بىر ئادەمنىڭ باشقا شاگىرتلارنى ئېزىقتۇرۇۋىتىشى ياكى ئۇلارنىڭ يازمىلىرىنى ئۆزگەرتىۋىتىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس.

• ئەيسا پەيغەمبەر كونا ئەهدىدە (تەۋرات، زەبۇر قاتارلىق قەدىمقى مۇقەددەس كىتاپلاردا) ئالدىن بىشارەت قىلىنغان قۇتقۇزغۇچى مەسىهتۇر، كالامىنىڭ (خۇدانىڭ سۆزىنىڭ) تەنگە ئايلىنىشىدۇر. ئۇ پاك قىزدىن دادىسىز هالەتتە تۇغۇلغان، هاياتىدا نۇرغۇن مۆجىزىلەرنى كۆرسەتكەن، ئىنسانلارنىڭ گۇناهىنى يۇيۇش ئۈچۈن ئۆزىنى قۇربان قىلغان، ئاندىن تىرىلىپ ئاسمانغا كۆتىرىلگەن. قىيامەتتە ئۇ قايتا كىلىپ پۈتكۈل ئىنسانلارنى هەتتا ئۆلگەنلەرنى سوراق قىلىدۇ. بۇ خىل ئېتىقات پاۋلۇس دەسلەپ مەسىھ جامائىتىگە زىيانكەشلىك قىلىشتىن بۇرۇنلا باشلىنىپ بولغان. پاۋلۇس كېيىن پەقەت مۇشۇ ئېتىقاتنى تەپسىلى چۈشەندۈرگەن بولۇپ، ئۇ بۇ خىل ئېتىقاتنىڭ «كەشپىياتچىسى» ئەمەس.

• ئىنجىلدىكى ئەيسا مەسىهنىڭ هاياتى ۋە تەلىملىرى، شاگىرتلارنىڭ خاتىرىلىرى،

شۇنداقلا پاۋلۇسنىڭ يازغان خەتلىرىدە، گەرچە ئىشلەتكەن سۆز-ئىبارىلەر ئاز-تولا پەرقلەنسىمۇ، ئەمما ئىلاھىيەتشۇناسلىق جەھەتتىكى تەلىملەر، بولۇپمۇ ئەيسا مەسىھكە بولغان ئېتىقات جەھەتتە پۈتۈنلەي بىردەكتۇر.

• ئەينى ۋاقىتتىكى باشقا ئەلچىلەر پاۋلۇسنىڭ ئەلچىلىك سالاھىيىتىنى ۋە تەلىملىرىنى جەزىملەشتۈرگەن. (ئەلچىلەر 31-1:9 ، 35-1:15 ، گالاتىيالىقلار 24-1:11 ، 10-2:1 ، پېتروسII 3:15،16)

• پاۋلۇسنىڭ خەتلىرىدە نەقىل ئېلىنغان ئەيسا مەسىھ ئېتىقاتىغا ئائىت ئەقىدە، شېئىر ۋە بايانلارنى مىلادىيە 48-33 يىللىرىدىكى ئىبرانى شېئىرلىرى ۋە ئىپادىلەش شەكلىگىچە سۈرۈشتۈرگىلى بولىدۇ. بۇلاردىن ئۇلارنىڭ ئەيسا مەسىھنىڭ يەھۇدىلار ئارىسىدىكى ئەڭ دەسلەپكى ئەگەشكۈچىلىرى ئىكەنلىكىنى كۆرىۋالغىلى بولىدۇ. (رىملىقلار 1:3،4 ، كورىنتلىقلارI 11:23 ، كولوسىلىقلار 1:15،16 ، فىلىپىلىكلەر 11-2:6 ، تىمۇتىيI 3:16 ، تىمۇتىيII 2:8).

• كونا ئەھدە (تەۋرات) دەۋرىدىكى پەيغەمبەرلەر يېزىپ قالدۇرغان قەدىمقى يازمىلارمۇ بۇنىڭ بىلەن بىردەكتۇر. بۇنى ئەيسا مەسىھ، پاۋلۇس ۋە باشقا شاگىرتلارنىڭ كونا ئەھدە (تەۋرات) تىن ئالغان نەقىللىرىدىن كۆرىۋالغىلى بولىدۇ.

• زەبۇردا داۋۇت پەيغەمبەر تىلغا ئالغان «قۇتقۇزغۇچى مەسىھ» ، دانىيال پەيغەمبەر تىلغا ئالغان «ئىنسان ئوغلى» ، يەشايا پەيغەمبەر تىلغا ئالغان «ئازاپ-ئوقۇبەت تارتقۇچى» ... بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەيسا مەسىھنى ئالدىن بىشارەت قىلغان.

• پاۋلۇس يازغان رىملىقلار 11-9 ,3 ,4 بىلەن كونا ئەھدە (تەۋرات) باغلىنىشلىق.

•پاۋلۇسنىڭ يېڭى ئەھدە (ئىنجىل) غا بەرگەن چۈشەندۈرىشى بىلەن ئىبرانىلارغا يېزىلغان خەت 10-8 ۋە ئەيسا مەسىھنىڭ ئۆزىنىڭ قۇربانلىق قېنى ئارقىلىق يېڭى ئەھدە تۈزگەنلىكى توغرىسىدىكى تەلىمى بىردەكتۇر. (كورىنتلىقلارI 11:25 ، كورىنتلىقلارII 3 ، لۇقا 22:20 )

• پېتروس يازغان «كىشىلەر پۈتلىشىدىغان تاش، ئادەمنى يىقىتىدىغان تاش» (پېتروسI 2:8) دىگەن بۇ سۆزلەر زەبۇر 118:22 ۋە يەشايا 8:14 دىن ئېلىنغان بولۇپ، بۇلار پاۋلۇسنىڭ رىملىقلارغا يازغان خەت 9:32،33 ۋە ئەيسا مەسىھنىڭ مەتتا 21:42 دە قىلغان بايانلىرى بىلەن بىردەكتۇر.

**كۆپىنچە مەسىھ جامائەتلىرى 12-ئاينىڭ 25-كۈنىنى ئەيسا مەسىھنىڭ تۇغۇلغان كۈنى قىلىپ بىكىتكەن. ئەمما مەسىھ ئېتىقاتى رىمغا تارقىلىپ كىرىشتىن بۇرۇنلا، بۇ كۈن رىملىقلارنىڭ قۇياش ئىلاھى ئاپوللونى خاتىرلەيدىغان بايرىمى ئىدىغۇ؟**

• مەسىھىيلەرنىڭ قايسى كۈنى (ياكى ھەرقانداق بىر كۈنى) ئەيسا مەسىھنىڭ تۇغۇلغانلىقىنى خاتىرلىشى مۇھىم ئەمەس. بۇنىڭ ئىنجىلدىكى خاتىرلەرگە ئاساسلانغان مەسىھ ئېتىقاتى (ئەيسا مەسىھنىڭ سالاھىيىتى، ھاياتى، تەلىملىرى) بىلەن مۇناسىۋىتى يوق. مۇھىمى بۇ ئارقىلىق مەسىھيلەر ئەيسا مەسىھنىڭ دۇنياغا كەلگەنلىكىنى تەبرىكلەيدۇ خالاس.

• گەرچە بۇرۇنقى رىملىقلارمۇ 12-ئاينىڭ 25-كۈنى ئۆزلىرىنىڭ قۇياش ئىلاھىنى تەبرىكلىگەن بولسىمۇ، ئەمما بۇ كۈنى مەسىھيلەر قۇياش ئىلاھى قاتارلىق ساختا ئىلاھلارنى ئەمەس، بەلكى ھەقىقى «ئادالەت قوياشى» (مالاكى 4:2)، «ھەقىقى يورۇقلۇق» (يۇھاننا 1:9)، «دۇنيانىڭ نۇرى ۋە ھاياتلىقنىڭ نۇرى» (يۇھاننا 8:12)، «چىرايى قۇياشتەك پارلىغۇچى» (ۋەھىلەر 1:16) بولغان ئەيسا مەسىھنىڭ «تۇغۇلغانلىقى» نى تەبرىكلەيدۇ. ئۇ ئاسمان- زىمىندىكى بارلىق مەۋجۇداتنى ياراتقان رەبدۇر (يۇھاننا 10 ,3-1:1 ، كورىنتلىقلارI 8:6 ، كولوسلىقلار 1:16).

• دەسلەپكى جامائەتچىلىكنىڭ 12-ئاينىڭ 25-كۈننى مىلاد بايرىمى (روددىستىۋا بايرىمى) قىلىپ بېكىتىشى مۇشرىكلارنىڭ (كۆپ ئىلاھقا چوقۇنغۇچىلارنىڭ) ئۆرپ-ئادىتىنى مەسىھ ئېتىقاتىغا ئەكىرىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ ساختا ئىلاھلىرىنىڭ ئورنىغا ئەيسا مەسىھنى دەسسىتىش، ھەمدە ئەيسا مەسىھنىڭ قەدىمقى رىملىقلارنىڭ كۆپ ئىلاھلىرى ئۈستىدىن غەلىبە قىلغانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈندۇر.

• دەسلەپكى جامائەتچىلىكتە، ئەگەر بىرەر ئېتىقاتچى مەسىھلەرنىڭ مىلاد بايرىمى بىلەن رىملىقلارنىڭ قوياش ئىلاھى بايرىمىنى ئارلاشتۇرۇپ قويسا جازالىناتتى.

• بىز ئىنجىل ۋە ئەيسا مەسىھ ئارقىلىق مەسىھ ئېتىقاتىنى تەھلىل قىلىمىز، خۇدى شۇنىڭدەك قۇرئان، ھەدىس ۋە مۇھەممەت ئارقىلىق ئىسلام دىنىنى تەھلىل قىلىمىز، ھەرگىزمۇ مۇسۇلمانلارنىڭ كېيىن شەكىللەنگەن تۈرلۈك ئۆرپ-ئادەتلىرىنى ئىسلام دىنىغا باراۋەر قىلىپ قويمايمىز، خۇددى شۇنىڭدەك مەسىھيلەرنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرىنىمۇ مەسىھ ئېتىقاتىغا باراۋەر قىلىپ قويۇشقا بولمايدۇ ئەلۋەتتە.

## قۇرئاندا خاتىرلەنگەن مەسىھ ئېتىقاتچىلىرىغا ئائىت خاتىرىلەر

قۇرئاندا مەسىھيلەرگە ئائىت ناھايىتى زىددىيەتلىك ئايەتلەر مەۋجۇد. ئومومەن ئېيتقاندا، دەسلەپكى ئايەتلەردە مەسىھ ئېتىقاتچىلىرى ھۆرمەتلەنگەن، ئەمما كېيىنكى ئايەتلەردە ئۇلار ھاقارەتلىنىپ ھوجۇمغا ئۇچرىغان.

• مەسىھيلەر (ئەيسا مەسىھكە ئەگەشكۈچىلەر) ئىچىدە ئاللاغا ۋە قىيامەتكە ئىشىنىدىغان، ياخشى ئىشلارنى قىلىدىغانلار كەلگۈسىدە چوقۇم ئاللادىن تىگىشلىك ئىلتىپاتقا ئېرىشىدۇ، ئۇلاردا قورقۇنچ ۋە غەم-ئەندىشە بولمايدۇ. (قۇرئان 2:62 ،

5:69)

• مەسىھىيلەر «رەببىمىز ئاللا» دېگەچكە يۇرتىدىن ھەيدەلگەن. (قۇرئان 22:40)

• مەسىھىيلەر ئىچىدە بىر قىسىم دۇرۇس ئادەملەر بار، كەچلىرى ئىنجىل ئوقۇپ سەجدە قىلىدۇ، ئاللاغا ۋە قىيامەتكە ئىشىنىدۇ، ئۇلار كىشىلەرنى ياخشىلىققا دەۋەت قىلىپ يامانلىقتىن توسايدۇ، تىرىشىپ ياخشى ئىشلارنى قىلىدۇ، ئۇلار ياخشى ئادەملەردۇر، ئۇلارنىڭ قىلغان ساۋاپلىق ئىشلىرى ھەرگىز بىكارغا كەتمەيدۇ. (قۇرئان 3:113-115)

• مەسىھىيلەر خۇددى ئۆزىنىڭ بالا-چاقىلىرىنى ياخشى تونۇغاندەك ئاللانىمۇ ياخشى تونۇيدۇ. (قۇرئان 6:20)

• ئەگەر مۇھەممەت قۇرئاندىن گۇمانلانسا، ئىنجىل ئوقۇيدىغان مەسىھىيلەردىن سوراپ باقسۇن. (قۇرئان 10:94)

• ئىنجىلدا مەسىھىيلەرگە «ھەقىقەت پەقەت ئاللاغا مەنسۇپ» دەپ ئېنىق تەلىم بېرىلگەن. (قۇرئان 7:169)

• مەسىھىيلەر بىلەن يەھۇدىيلار مۇقەددەس كىتاب ئوقۇيدىغانلاردۇر. ئەمما يەھۇدىيلار مەسىھىيلەرنىڭ ئاساسى يوق دېسە، مەسىھىيلەر يەھۇدىيلارنىڭ ئاساسى يوق دېيىشىدۇ. (قۇرئان 2:113)

• ئاللا مەسىھىيلەرنىڭ قەلبىنى مېھىر-مۇھەببەت ۋە رەھىم-شەپقەت بىلەن تولدۇرغان. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئاللانى خۇرسەن قىلىش ئۈچۈن تەنھالىقنى تاللايدۇ - ئاللا بۇنداق بەلگىلىمىگەن - لېكىن ئۇلار بۇنىڭغا تولۇق ئەمەل قىلمايدۇ. ئاللا ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئىشەنگەنلەرنىڭ ئەجرىنى بېرىدۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى نۇرغۇنلىرى قارشى چىققۇچىلاردۇر. (قۇرئان 57:27)

• مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىگە چۈشكەن قۇرئان بىلەن مەسىھىيلەرگە چۈشكەن ئىنجىلغا ئىشىنىدۇ، شۇنداقلا ئۆزلىرى چوقۇنۇۋاتقان ئاللانى مەسىھىيلەرنىڭ خۇداسى بىلەن بىر ئىلاھ دەپ قارايدۇ. (قۇرئان 29:46)

• ئەگەر مەسىھىيلەر ئېتىقات قىلسا ۋە ھەققانى بولسا، ئاللا ئۇلارنىڭ گۇناھىنى كەچۈرۈپ، جەننەتكە كىرگۈزىدۇ. ئەگەر ئۇلار تەۋرات، ئىنجىل ۋە رەببى ئۇلارغا چۈشۈرگەن باشقا مۇقەددەس كىتاپلارغا ئەمەل قىلسا، ئاللا ھەر تەرەپتىن ئۇلارنىڭ رىزقىنى بېرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىر قىسىم مۆتىدىل ئادەملەر بار، ئەمما كۆپىنچىسى خاتا يولدا. (قۇرئان 5:65، 66)

• مەسىھىيلەر (ئەھلى كىتاپلار) تەۋرات، ئىنجىل ۋە رەب ئۇلارغا چۈشۈرگەن باشقا

مۇقەددەس كىتاپلارغا ئەمەل قىلمىغۇچە ھەقىقى ئېتىقات قىلغان ھىساپلانمايدۇ. (قۇرئان 5:68)

● مەسىھىيلەر ئىنجىلغا ئاساسەن ھۆكۈم چىقىرىشى كېرەك، بولمىسا ئاللانىڭ ۋەھىسىگە قارشى تۇرۇپ گۇناھ ئۆتكۈزگەن بولىدۇ. (قۇرئان 5:47)

● مۇسۇلمانلارغا ئەڭ يېقىن تۇرىدىغانلار مەسىھىيلەردۇر، چۈنكى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا نۇرغۇن ئىنجىل ئۇستازلىرى ۋە دۇنيانى تەرك ئېتىپ ئۆزىنى پۈتۈنلەي خۇداغا ئاتىغانلار بار، ئۇلار ئۆزىنى چوڭ تۇتمايدۇ. (5:82)

● ئۇلار (مەسىھىيلەر) پەيغەمبەر ئارقىلىق كەلگەن ۋەھىنى ئاڭلىغىنىدا، كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش ئاقىدۇ، چۈنكى ئۇلار ھەقىقەتنى ئاڭقىرالايدۇ. ئۇلار دۇئا قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ئى رەببىمىز، بىز ئىشەندۇق، بىزنى گۇۋاھچىلىرىڭ قاتارىدا خاتىرلەپ قويغايسەن. (قۇرئان 5:83)

● ئاللا مەسىھىيلەرنى تاكى قىيامەت كۈنىگىچە ئەيساغا ئىشەنمەيدىغانلاردىن يوقىرى قىلىدۇ. (قۇرئان 3:55)

● ئاللا مەسىھىيلەرگە مۇقەددەس كىتاپتىكى يوشۇرۇن سىرلارنى ئېچىپ بېرىش، ھەمدە ئۇلارنى توغرا يولغا يېتەكلەش ئۈچۈن مۇھەممەت پەيغەمبەرنى ئەۋەتىپ بەرگەن. (قۇرئان 5:15)

● «ئاللانىڭ ئوغلى بار» دىگۈچىلەرگە (مەسىھىيلەرگە) ئاگاھلاندۇرۇش بەرگىن، ئۇلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەجدادى بۇ سۆزنىڭ مەنىسىنى بىلمەيدۇ. ئۇلار مانا مۇشۇنداق ئەخمىقانە گەپلەرنى قىلىدۇ. (قۇرئان 18:5)

● مەسىھىيلەر ئەيسا مەسىھنى ئاللانىڭ ئوغلى دەيدۇ، بۇ ئۇلارنىڭ ئاغزىدىن چىققان گەپ. ئاللانىڭ قارغىشى ئۇلارغا چۈشكەي. ئۇلار ئاللانى تاشلاپ، پوپلىرىنى ۋە مەريەم ئوغلى مەسىھنى رەب دەپ چوقۇنىدۇ، ئەمما ئۇلارغا بۇيرۇلغىنى پەقەت بىر ئاللاغىلا ئىبادەت قىلىشتۇر، چۈنكى ئاللادىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر. (قۇرئان 31،30:9)

● مەسىھىيلەر دىنىدا ھەددىدىن ئېشىپ ئاللا توغرىسىدا ناھەق گەپلەرنى قىلماسلىقى كېرەك. مەريەم ئوغلى ئەيسا مەسىھ پەقەت ئاللانىڭ بىر پەيغەمبىرىدۇر. ئۇ ئاللانىڭ مەريەمگە قىلغان بىر كەلىمە سۆزى ۋە ئاللادىن چىققان روھتۇر. شۇڭا ئاللا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ئىشىنىش كېرەككى، ئۈچ ئىلاھ بار دېيىشكە بولمايدۇ. بۇ مەسىھىيلەر ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشىدۇر. ئاللا بىردىنبىر ئىلاھ بولۇپ، ئۇنىڭ بالىسى بولمايدۇ، ئاسمان-زىمىندىكى بارچە مەۋجۇدات ئۇنىڭغا مەنسۇپتۇر. (قۇرئان 4:171)

● ئاللانى مەريەم ئوغلى مەسىھتۇر دىگۈچىلەر ئېتىقاتتىن ئاجراپ كەتكەن بولىدۇ.

(قۇرئان 5:17، 72، 73)

● بۇرۇن ئاللا مەسىھىيلەر بىلەن ئەھدە تۈزگەن، ئەمما ئۇلار ئۆزلىرى قوبۇل قىلغان بىر قىسىم تەلىملەرنى تاشلىۋەتكەچكە، ئاللا ئۇلارنىڭ ئارىسىغا ئۆچمەنلىك سېلىپ تاكى قىيامەت كۈنىگىچە بىرى-بىرىگە ئۆچ قىلىۋەتكەن. (قۇرئان 5:14)

● مەسىھىيلەر ئۆز دىنىدا ھەددىدىن ئاشمىسۇن، ئىلگىرى ئۇلاردىن بىر قىسىم ئادەم ئازغان، ھەمدە باشقا نۇرغۇن ئادەملەرنىمۇ ئازدۇرۇپ، توغرا يولدىن چىقىپ كەتكەن. (قۇرئان 5:77)

● مەسىھىيلەرنىڭ ئىچىدىكى ئىسلامغا ئىتىقات قىلمىغانلار دوزاققا كىرىپ، ئۇ يەردە مەڭگۈ تۇرىدۇ. ئۇلار ئەڭ رەزىل ئادەملەردۇر. (قۇرئان 98:6)

● مۇسۇلمانلار يەھۇدىلار ۋە مەسىھىيلەر بىلەن ئىتتىپاقلىششقا بولمايدۇ. مۇسۇلمانلاردىن كىمكى ئۇلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىدىكەن، شۇ ئۇلار بىلەن دىنداش بولغان بولىدۇ، ئاللا ھەققانى بولمىغانلارنى يېتەكلىمەيدۇ. (قۇرئان 5:51)

● مۇسۇلمانلار مەسىھىيلەر ۋە يەھۇدىلار بىلەن جەڭ قىلىشى، تاكى ئۇلار يۇۋاشلىق بىلەن جىزيە بېجى[①] تۆلىگەنگە قەدەر ئۇرۇش قىلىشى كېرەك. (قۇرئان 9:29)

## مۇسۇلمانلار يەھۇدىلارنى ۋە باشقا دىندىكىلەرنى ھۆرمەتلەمدۇ؟

ئىسلام دىنىنىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسلانغاندا، ئىسلام ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا خۇداغا ئىشەنمەيدىغانلار (ئاتېزىمچىلار) ۋە كۆپ ئىلاھقا چوقۇنىدىغانلارنىڭ مەۋجۇد بولۇپ تۇرىشىغا يول قويۇلمايدۇ. بىر خۇداغا ئىتىقات قىلىدىغان «ئەھلى كىتاپلار» (يەھۇدى ۋە مەسىھىيلەر) بولسا ئىككىنچى دەرىجىلىك پۇقرا ھىساپلىنىدۇ، ئۇلارنىڭ ئىجتىمائى ئورنى مۇسۇلمانلاردىن تۆۋەن تۇرىدۇ. ھازىرمۇ كۆپ قىسىم ئەرەپ ئەللىرىدە ۋە شىمالى ئافرىقا، ئوتتورا ئاسىيا، جەنۇبى ئاسىيا، شەرقى جەنۇبى ئاسىيادىكى مۇسۇلمانلارنى ئاساس قىلغان دۆلەتلەردىكى بىر قىسىم رايونلاردا ھېلىھەم ئىسلام شەرىئىتى يۈرگۈزىلىۋاتىدۇ.

ئىسلام دىنى مۇسۇلمانلارغا مۇنداق تەلىم بېرىدۇ:

● مۇسۇلمانلار چوقۇم مۇسۇلمان ئەمەسلەر بىلەن جەڭ قىلىشى كېرەك، تاكى ئۇلار ئۆزىنىڭ قۇربى يەتكىچە يۇۋاشلىق بىلەن جىزيە تۆلىگەنگە قەدەر. (قۇرئان 9:29)

● مۇسۇلمانلار ئىسلامغا كىرمىگەنلەر بىلەن تىنچلىق ئورناتماسلىق كېرەك، چۈنكى ئاللا مۇسۇلمانلارنى ئۇلاردىن كۈچلۈك قىلغان. (قۇرئان 47:35)

---

[①] جىزيە: ئىسلام دىنىدا بەلگىلەنگەن، باشقا دىنىكىلەر تۆلەيدىغان، كەمسىتىش ۋە ھاقارەت تۈسىنى ئالغان بىر خىل باج.

● مۇسۇلمانلار يەھۇدىلار ۋە مەسىھلەر بىلەن ئىتتىپاقلىششقا بولمايدۇ. (قۇرئان 5:51)

● كىيىنكى دەۋرلەردە بارلىققا كەلگەن ئايەتلەر مەسىھىلەر بىلەن يەھۇدىلارغا تېخىمۇ كۈچلۈك ھاقارەت ۋە ھۇجۇم تۈسىنى ئالغان. (قۇرئان 2:111 ، 4:171،172 ، 5:14،17،72،73 ، 9:30،31 ، 18:4،5 ، 98:6)

● قۇرئاندا يەھۇدىلار (شۇنداقلا ئىسلامغا ئىشەنمىگەنلەرنى) ھاقارەتلەپ مۇنداق دېيىلگەن: ئۇلار خۇددى ئىتقا ئوخشايدۇ، قوغلىساڭ تىلىنى چىقىرىدۇ، قوغلىمىساڭمۇ تىلىنى چىقىرىپ تۇرىدۇ (قۇرئان 7:176). ئۇلار خۇددى ھايۋانغا ئوخشايدۇ، ھەتتا ھايۋاندىنمۇ بەتتەردۇر (قۇرئان 7:179). كىتاپ ئارتىۋالغان ئىشەككە ئوخشايدۇ (قۇرئان 62:5). ھۈركۈپ كەتكەن ئىشەككە ئوخشايدۇ (قۇرئان 74:50). ئاللا ئۇلارنىڭ بىر قىسمىنى مايمۇن ۋە چوشقىغا ئايلاندۇرۇۋەتكەن (قۇرئان 5:60)

● قۇرئاندا مۇسولمان ئەمەسلەر نىجىس (مەينەت،ناپاك) بولغاچقا، مۇقەددەس مەسچىتكە كىرىشكە بولمايدۇ دېيىلگەن. (قۇرئان 9:28)

● سەئۇدى ئەرەبىستان ھۆكۈمىتى قولغا چۈشۈرگەن بارلىق ئىنجىل، تەۋرات، زەبۇر قاتارلىق كىتاپلارنى ۋە مەسىھىلەر بىلەن يەھۇدىلارنىڭ دىنى ئېتىقات بويۇملىرىنى كۆيدۈرۈۋىتىدۇ ياكى كۆمۈۋىتىدۇ.

● ئەرەپ ئەللىرىنىڭ ئاخبارات ۋاستىلىرى ۋە مائارىپ ئوقۇتۇش كىتاپلىرىدا كۆپ مىقتاردا يەھۇدى ۋە باشقا مۇسۇلمان ئەمەسلەرگە (كاپىرلارغا) قارىتىلغان ھاقارەت ۋە ھوجۇم خاراكتىرلىق سۆز-بايانلار بار.